XINJIANGDAXUEXUEBAO

ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى

1994

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

1994 - يىللىق 1 - سان (ئومۇمىي 57 - سان)

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

باش مۇھەررىر: ئەكبەر ھۈسەيىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قەييۇم قۇربان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

پەسىللىك ژۇرنال

## بۇ ساندا

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرى ........ فاڭ يەنمىڭ (ئەكبەر ھوشنەيىن تەرجىمىسى) 1

يىپەك يولى كارۋانلىرى ئاناتولىيىدە ........ ئابدۇكېرىم راخمان 21

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى ........ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 40

مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى توغرىسىدا ........ ئابدۇۋەلى ھامۇت 62

زامان ۋە زامانىۋى ئادەم ........ ئىسلامجان شېرىپ 71

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ........ مۇھەممەت ئېلى تۇردى 86

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ........ ئالىم قادىر، ئەركىن ئابدۇراخمان 92

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر ........ ئىقبال تۇرسۇن 99

«يىپەك يولى» ۋە غەربىي دىيارمەدەنىيىتى ........ قاسىم ئارشى 109

«خەننامە» ئىچىدىكى پامىر خاتىرىلىرى توغرىسىدا ........ شېرىن قۇربان 123

VIII ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك بىلىم ئىگىسى يوللۇغ تېگىن ........ تۇرسۇن ھوشۇر 134

XIX ئەسىردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە يەر ئىگىدارچىلىقى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا ........ ئەنۋەر ئابلىمىت 136

دۇنيادىكى مىللەتلەر ........ ئۆمەر موللا 141

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

1994年 第1期

（总第57期）


## 目录


邓小平思想和社会主义的命运……………………方延明（艾克拜尔·侯赛因译）

丝路商队在安娜托里亚……………………阿不都克里木·热合曼

维吾尔祖先的酒文化……………………阿不都许库尔·买买提依明

关于精神生产活动……………………阿不都外力·哈木提

时代和现代人……………………斯拉木江·西日甫

社会主义市场经济体制建立的必要性……………………买买提艾力·吐尔地

青少年犯罪问题及其预防……………………阿里木·卡德尔 艾尔肯·阿布都热合满

维吾尔古典文学理论研究……………………依克巴尔·吐尔逊

丝绸之路和西域文化……………………哈斯木·阿尔西

《汉书》中有关帕米尔的记载……………………西仁·库尔班

十八世纪伟大的学者——yolluo tekin ……………………吐尔逊·吾守尔

奥斯曼帝国土地所有和农业商业化初探……………………艾尼瓦尔·阿不力米提

世界民族……………………乌买尔·毛拉

# دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرى

فاڭ يەنمىڭ

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، دېڭ شياۋپىڭ ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرى دېگەن بۇ ئالەمشۇمۇل مەسىلە ئۈستىدە تارىخنىڭ دېڭ شياۋپىڭنى تاللىغانلىقى، ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي مەسىلىنى ئىگىلەش ۋە سوتسىيالىزمنى قايتا تونۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش قاتارلىق ئۈچ جەھەتتىن بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قايتا تونۇش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدىكى ئۈچ ئۇلۇغ بۇرۇلۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئۈستىدە مەركەزلىك ھالدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ، شۇنىڭدەك جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى يېڭى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىگەنلىكى رەت قىلىپ بولمايدىغان پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ھەربىر دەۋر ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابلىرىغا موھتاج.

تارىخ مۇنداق بىر پاكىتنى تەييارلىدى، ئۇ بولسىمۇ زامانىمىزدىكى كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئۈستىدە سۆز بولغاندا، دېڭ شياۋپىڭنى تىلغا ئالماي مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ 1989 - يىلدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىشى شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ پەسىيىپ كېتىشى بىلەن روشەن تەتۈر سېلىشتۇرما بولدى، كىشىلەر دېڭ شياۋپىڭ رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگونىڭ كەڭ زېمىنىدا ئېلىپ بارغان 14 يىل داۋامىدىكى يېڭى ئىنقىلابقا ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن نەزەر سېلىپ قاراپ چىقىشقا، شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودا قولغا كەلتۈرگەن مىسلىسىز يۇتۇقلىرىغا شەك - شۈبھىسىز ھالدا ئىجابىي جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ھەم

دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش سوتسىيالىزمغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ئىش بۈتۈن پارتىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، سوتسىيالىزمنى جوڭگودا تېخىمۇ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتۈرۈشكە پايدىلىق؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندىمۇ، سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنى كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرگە ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## تارىخ دېڭ شياۋپىڭنى تاللىدى

ھەممىگە مەلۇمكى، جوڭگو خەلقىنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جوڭگو قۇرۇش ماۋزېدوڭنى يادرو قىلغان بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ ئۇلۇغ خىزمىتى بولدى. شۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا پەۋقۇلئاددە ئىنقىلاب ۋاسىتىسى قوللىنىلىپ، سىنىپىي كۈرەش ئارقىلىق جوڭگودا سوتسىيالىزم تۈزۈمى مەسىلىسى تۈپ - ئاساسىدىن ھەل قىلىندى. لېكىن، شۇنى ئېيتماي بولمايدۇكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، دۆلەتنى قانداق قىلىپ قۇدرەتلىك، باي دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد كوللېكتىپ رەھبەرلىكى ئۇزاق مۇددەت ئىزدەنگەن لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئوبدان ھەل قىلالمىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، تەجرىبىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇسۇلىنى ئەينەك قىلىپ، سىرتنىڭكىنى قوبۇل قىلىش چارىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدۇق. بولۇپمۇ شۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى يۇقىرى پەللىدە تۇرغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىردىنبىر ئۈلگە قىلىشقا بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا ستالىننىڭ پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كەلدۇق. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنىڭمۇ دېگەندەك كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. يولداش ماۋزېدوڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ كەلدى، ئۇ 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە خەلق كوممۇناسىنى تەشەببۇس قىلدى، بۇلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزدى. ئۇ 60 - يىللاردا، «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» چارىسى ئارقىلىق، سىنىپىي كۈرەش ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلەتنى بېيىتىش يولىنى تېپىپ چىقىش مەقسىتىدە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسىنىمۇ

ئوتتۇرىغا قويدى، نەتىجىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» خەلق ئىگىلىكىنى گۇمران بولۇش گىرۋىكىگە ئاپىرىپ قويۇپ، پۈتۈن مىللىتىمىزگە بالايىئاپەت كەلتۈردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرقىي ياۋروپانىڭ ئەيدىزىسى ئەسقاتمىغاندىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىز ئارقا ــ ئارقىدىن ئوخشىمىغان ئۆچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئىمتىسادى قالاق بىر ئەلدە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش ۋە قانداق قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسىنى تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۇرۇۋاتقان ماۋزېدۇڭنىڭ مادارى يەتمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈستىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ماۋزېدۇڭ بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز سەپدىشى دېڭ شياۋپىڭغا تاپشۇرماقچى بولدى، ئۇنىڭ دېڭ شياۋپىڭ توغرىسىدىكى «مۇلايىملىق ئىچىدىكى قەيسەرلىك، پاختا ئىچىدە ساقلانغان يىڭنە»، «كەم ئۇچرايدىغان تالانتلىق ئادەم» دېگەن ماختاشلىرىدىن بۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك ھاۋالىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، 1976 ــ يىلى ئەمدىلا يېڭىباشتىن خىزمەتكە كىرىشكەن دېڭ شياۋپىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاتالمىش «تيەنئەنمېن ۋەقەسى» باھانىسى بىلەن چەتكە قېقىلىپ، ئۆزىنىڭ «تەرتىپكە سېلىش»، «تۈزەش» ئىرادىسىنى ئىش يۈزىدە كۆرسىتىشكە چارىسىز قالدى.

1976 ــ يىلى، جۇ ئېنلەي، جۇدې ۋە ماۋزېدۇڭ ئارقا ــ ئارقىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. خەلق دېڭ شياۋپىڭغا مۇراجىئەت قىلدى. خەلق دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ بېيىشىنى ئۈمىد قىلدى، كىشىلەر «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش»، «ھەر يەتتە، سەككىز يىلدا بىر قېتىم ھەرىكەت قوزغاش»نى ئۈمىد قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر قەلبى تۈزەشكە تەلپۈندى، ئىسلاھاتقا تەلپۈندى، خاتىرجەملىككە تەلپۈندى. دەل مۇشۇنداق چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، پارتىيە ۋە خەلق يەنە بىر قېتىم دېڭ شياۋپىڭنى تاللىدى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى ۋە ئاچقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەم ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىشتەك غايەت زور سىياسىي جاسارىتىنى ۋە ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشتەك غايەت زور نەزەرىيىۋى جاسارىتىنى كۆرسەتتى، ئۇ ستراتېگىيىلىك پىلان تۈزۈپ، ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەڭ كۆركەم مەنزىرىنى سىزىپ چىقتى.

## ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي مەسىلىنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىزمنى قايتا تونۇش

دېڭ شياۋپىڭ خىزمەتكە كىرىشىشى بىلەنلا، مۇرەككەپ، چىگىش ئىچكى ــ تاشقى ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ئۇ خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ئەھۋاللارغا ئىلمىي باھا بېرىشى

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈشى كېرەك ئىدى. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «مۇتەپەككۇرنىڭ ‹مۇتەپەككۇر› دېگەن نامغا مۇناسىپ كېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ستىخىيىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇ ھەرىكەتنىڭ ‹ماددىي ئامىللىرى›، ستىخىيىلىك ھالدا يولۇققان بارلىق نەزەرىيىۋى، سىياسىي، تاكتىكا ۋە تەشكىلىي مەسىلىلەرنى باشقىلاردىن بۇرۇنراق ھەل قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ». لېنىن دەۋرىلىك بىلەن پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە تاكتىكىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغىنىدا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىز ھەربىر دەۋرنىڭ تەرەققىياتىدىكى بارلىق مۇرەككەپلىكلەرنى بىلىپ كېتەلمەيمىز، ئەمما قايسى سىنىپنىڭ ئۇ ياكى بۇ دەۋرنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى، دەۋرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى، دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز ۋە ھەقىقىي بىلىمىز. مۇشۇ ئاساستا، ئوخشاش بىر دەۋرنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر (ئايرىم ئەللەر تارىخىدىكى ئايرىم ئەھۋاللار ئەمەس)نىڭ بارلىقىنى مۆلچەرلىسەكلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ تاكتىكىسىنى توغرا بەلگىلەپ چىقالايمىز، شۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرىنى ئېنىق تونۇۋالساقلا، ئاندىن شۇ ئاساستا ئۇ ياكى بۇ دۆلەتنىڭ تېخىمۇ تەپسىلىي بولغان ئالاھىدىلىكلىرىنى مۆلچەرلەپ چىقالايمىز».

ئۇلۇغ ماركسىزمچى دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەممىدىن ئاۋۋال «ئىككى ئومۇمەن» رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» ھەققىدىكى چوڭ مۇھاكىمىنى قوللىدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ، «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي مەسىلە دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى، سوتسىيالىزمنىڭ «تۆۋەن باسقۇچى» توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئىدىيىۋى لۇشيەن ۋە نەزەرىيىۋى پرىنسىپ جەھەتتىن كېيىنكى كۈنلەردىكى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى ياراتتى.

## 1. «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» دېگەن ئاساسىي مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلچىمىدۇر

«تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» مەسىلىسى ماۋزېدۇڭ دۇنيانى «ئۈچ دۇنيا»غا ئايرىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر مۇھىم نەزەرىيىۋى يەكۈن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ بىزنى دۇنيا ۋەزىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھۆكۈم ئۆلچىمى بىلەن تەمىنلىدى. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھازىر دۇنيادا ھەقىقىي چوڭ مەسىلىنىڭ، پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك مەسىلىنىڭ بىرى — تىنچلىق مەسىلىسى، يەنە بىرى — ئىقتىسادىي مەسىلە. تىنچلىق مەسىلىسى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە،

ئىقتىسادىي مەسىلە جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە — يادرولۇق مەسىلە.» «ھازىرقى دۇنيادا ئاساسلىقى ئىككى مەسىلە بار، بىرى، تىنچلىق مەسىلىسى، يەنە بىرى، تەرەققىيات مەسىلىسى. تىنچلىقتىن ئۈمىد بار، ئەمما، تەرەققىيات مەسىلىسى تېخىچە ھەل بولغىنى يوق. كىشىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ناھايىتى گەۋدىلىك دېيىشىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، بۇ مەسىلە دۇنيا تەرەققىياتىغا ياتىدىغان مەسىلىدۇر.» دېمەك، ھازىرقى ۋەزىيەت بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدىكىدەك ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئەمەس، ئىقتىسادقا مايىلىشىپ دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئاساسىي مەسىلىنىڭ بەلگىلەنگەنلىكى ھەرگىز ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ قويۇپ بەخىرامان ئۇخلىسۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدا پەقەت كۈرەشنىڭ شەكلىلا يەڭگۈشلەنگەن، تىنچلىق كۈرەش ئارقىلىق قوغدىلىدۇ، تەرەققىيات كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭدا تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش تېخىمۇ مۇشكۈل ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىر كۈنمۇ كېچىكتۈرمەي، پۈتۈن كۈچ – پىكرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن زېھنىمىزنى توپلاپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز لازىم.» «ئەگەر كېلەر ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرى ئىچىدە، ئۈچىنچى دۇنيادا جۇملىدىن جۇڭگودا خوشاللىنارلىق تەرەققىيات بولىدىغان بولسا، مېنىڭچە، ئۇ چاغدا ئۇرۇش خەۋپىنى ھەقىقىي تۈگەتكىلى بولىدۇ.»

شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، «تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئاساسىي مەسىلىدە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، خەلقئارا جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىككى قۇتۇپلۇق ۋەزىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى، دۇنيانىڭ سىياسىي جەھەتتە كۆپ قۇتۇپلىشىشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپ مەنبەلىشىش ۋە رايونلارغا بۆلۈنۈشكە قاراپ راۋاجلىنىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، بۇنىڭ بىلەن بىز بىر قەدەر ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلقئارادا مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ چوڭراق جانلىق ئىش كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق، بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىقتىسادىي رايوننىڭ شەكىللىنىشى غەربىي تىنچ ئوكيان رايونىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي رايونىنى بەرپا قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، ھالبۇكى، بۇ رايوننىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە بۇ رايونلارنىڭ قايتىدىن بىرلىشىشى ئېھتىياجىنى گەۋدىلىك بولدى. بۇ ھال مۇشۇ رايونغا ئورۇنلاشقان مەملىكىتىمىز ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بولدى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئەۋزەل تاشقى مۇھىت يارىتىپ بەردى.»

دۇنيانىڭ XX ئەسىردىن بۇيانقى تەرەققىيات تارىخى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزم

دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ كاپالىتى، سوتسىيالىزم تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا تولىمۇ موھتاج. سوتسىيالىزمنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە قوللىنىشى بولسا، دۇنيانىڭ ئەمىنى يىتىشى مۇمكىن ئەمەس، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھەم ھازىرقى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ۋە ئومۇمىي نىشانى، شۇڭلاشقا سوتسىيالىزمنىڭ تېز ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئارزۇسى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە: «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم، ... مەن پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، چىڭ تۇتمىساق، كۆز ئالدىمىزدىكى پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ، ۋاقىت ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىپ قالىدۇ» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى.

## 2. «دەسلەپكى باسقۇچ» نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى چوڭقۇر تەھلىلدۇر

ئەگەر «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» دېگەن ئاساسىي مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى چوڭقۇر تەھلىل دېيىلىدىغان بولسا، سوتسىيالىزمنىڭ «دەسلەپكى باسقۇچى» نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە ھازىرقى تارىخىي ئورنى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەھلىل، شۇڭلاشقا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ نەزەرىيە جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، قانداق راۋاجلاندۇرۇش ۋە قانداق مۇستەھكەملەش كېرەك دېگەن مەسىلىگە توغرا ۋە سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى يېڭى ئىدىيىلەر بىلەن راۋاجلاندۇردى.

1981 - يىلى 6 - ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈپ چىقىلغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا، «دەسلەپكى باسقۇچ» دېگەن ئىبارە بىرىنچى قېتىم رەسمىي ئىشلىتىلدى. 1982 - يىلى 9 - ئايدا، پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىغا بېرىلگەن دوكلاتتا: «ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تېخى دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بىزدە ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىي تاپمىغان» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1986 - يىلى 9 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارار»دا يەنە بىر قېتىم شەرھلەندى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئېلىمىز تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى ۋە رىقابەتنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خېلى ئۇزاق تارىخىي مەزگىل ئىچىدە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئورتاق بېيىش نىشانى ئاستىدا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەكمۇ توغرا كېلىدۇ.» پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت زور

نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەكۈنلەر تەۋرەنمەس ئاقىۋەتلىك نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلىق شەرھلەندى ھەمدە 13- قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى قىلىندى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئالدى بىلەن، جەمئىيىتىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئايلاندى، بىز سوتسىيالىزمنى چىڭ تۇتۇپ كەتمەي، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم؛ ئىككىنچىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتى تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ باسقۇچتىن ھالقىپ كەتمەي، ھەممە ئىشتا مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش لازىم، دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەسلەپكى باسقۇچ نەزەرىيىسى ماۋزېدۇڭ 1960- يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «سوتسىيالىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تەرەققىي قىلمىغان سوتسىيالىزم» دېگەن ئىدىيىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى. بۇ نەزەرىيىدە دۆلىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى سوتسىيالىزم باسقۇچىنىڭ يەنىلا نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن تەدرىجىي قۇتۇلۇش باسقۇچى ئىكەنلىكى، قالاق يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىدىن ئىلغار سانائەت مەملىكىتىگە ئايلىنىش باسقۇچى ئىكەنلىكى، ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن ناتۇرال ۋە يېرىم ناتۇرال ئىگىلىكتىن يۈكسەك تەرەققىي قىلغان تاۋار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش باسقۇچى ئىكەنلىكى، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش باسقۇچى ئىكەنلىكى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش باسقۇچى ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دەسلەپكى باسقۇچ نەزەرىيىسى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ساۋاقلارنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ بېرىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە ئىلمىي ئاساس تۇرغۇزۇپ بەردى. دەسلەپكى باسقۇچ نەزەرىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان رەھبەرلىك ئىدىيىسىدە ساقلىنىپ كەلگەن «سول»چىللىق خاتالىقىنى تۈزىتىپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن توغرا نىشان كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى زامانىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

بىز بىلىمىز، ئەسىر ئىلگىرى ماركس بىلەن ئېنگېلس سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىرىنچى سەكرەشنى ئورۇنداپ، سوتسىيالىزمنى خىيالدىن ئىلمىيلىككە ئايلاندۇردى. 1917- يىلى لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ سەھىپە ئاچتى. لېكىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 60- ۋە 70- يىللاردىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىكىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ كونا ئەندىزىسى ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىيەتكە ماس كېلەلمەيدىغانلىقىنى كۆپ تەرەپتىن كۆرسەتتى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ماركسىزم يەنىلا كارغا كېلىدىغان، سوتسىيالىزم يەنىلا ئاقىدىغان بولسىمۇ، لېكىن سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەشنى ھاسىل قىلىپ، كونا ئەندىزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان سوتسىيالىزمىغا قاراپ بۇرۇلۇش ياساش ۋە راۋاجلىنىشقا مۇھتاج بولدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا سوتسىيالىزمنىڭ

يېڭى ئەندىزىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى، دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا، دېڭ شياۋپىڭ ئۆزىنىڭ بىرقاتار يېڭى ئىدىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «كۆپ يىللاردىن بۇيان، ماركسىزم ۋە سوتسىيالىزمنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ماركستىن كېيىنكى يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، زادى قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى، ئۆزگىرىش بولغان شارائىت ئاستىدا، ماركسىزمنى قانداق تونۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكى ئېنىقلىۋېلىنمىدى. ماركستىن ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى يۈز يىل، ئىككى يۈز يىل مابەينىدە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقىي ماركسىزمچى، لېنىنىزمچىلار ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ھازىرقى ئەھۋالغا ئاساسەن تونۇشى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.» دەسلەپكى باسقۇچ نەزەرىيىسى يېڭى شارائىت ئاستىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ۋە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەزەرىيىدە چىڭ تۇرغاندىلا، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. «جۇڭگونىڭ مۇنداق قىلىشى دۇنيا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۈچىنچى دۇنياغا بىر يول ئېچىپ بېرىش، تېخىمۇ مۇھىمى، ئىنسانىيەتكە سوتسىيالىزم ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى، سوتسىيالىزم كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل دېگەننى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.»

بۇ نەزەرىيىنىڭ يادروسى سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت، بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسى، بىزنىڭ «ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز»، «تۈپ نۇقتىمىز»، «بىرىنچى ۋەزىپىمىز».

دېڭ شياۋپىڭ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «دۆلىتىمىز ــــ سوتسىيالىستىك دۆلەت، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تۈپ ئىپادىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كونا جەمئىيەتتە كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەتتە تېز راۋاجلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى پەيدىنپەي قانائەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، توغرا سىياسىي رەھبەرلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئاخىرقى ھېسابتا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋر ئىچىدە، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئاستا بولسا، ئەۋزەللىك دېگەندىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ؟» «سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە، ھەقىقىي ماركسىزمچى پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىشى ھەمدە شۇ ئاساستا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈشى لازىم. ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش دېگەن ئەنە شۇ. بىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلگىرى ئۇزاققىچە سەل قاراپ كەلدۇق، شۇڭا ھازىر بىز ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز

لازىم.» ئۇنىڭ «نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس» دېگەن سۆزى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى. «ماركسىزم بويىچە بولغاندا، سوتسىيالىزم كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچ. سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈش. 1958 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس، سوتسىيالىزم نامراتلىقنى يوقىتىشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرماسلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆستۈرمەسلىكنى سوتسىيالىزمنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن دېگىلى بولمايدۇ.» دېڭ شياۋپىڭ ئۆزىنىڭ كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان مۇشۇ ئاجايىپ بايانلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئۇسلۇبى ۋە تىل ئۇسلۇبىنى جانلىق ھالدا ئىپادىلىدى. ئۇ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، جانلىقلاشتۇرۇپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ئاددىي تىلىغا ۋە ئون مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندۇردى.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى: «سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئاساسىي تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپ ئاساسىدىن ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچكە ئورغۇپ تۇرىدىغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم، بۇ، ئىسلاھات دېمەكتۇر، دېمەك، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئىلگىرى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشلا تەكىتلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىسلاھات ئارقىلىق ئازاد قىلىش تەكىتلەنمىدى، بۇنداق بولسا چولتا بولۇپ قالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى تەڭ تەكىتلەش لازىم.»

ئۇ تەشەببۇس قىلغان ۋە قوللىغان يېزىلاردىكى ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاشتۇرۇپ ھۆددىگە بېرىشتىن كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش مەركىزىي ھالقا قىلىنغان شەھەرلەردىكى ئىسلاھاتقىچە بولغان، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنى قۇرۇشتىن ئىشىكنى سىرتقا ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىشكىچە بولغان، شەھەرلەرنى نىشان قىلغان ئىسلاھاتتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكىچە بولغان بۇ ئىجادىي ئەمەلىيەتلەر سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي تەلىپى بىلەن جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنىڭ يۇكسەك بىرلىكىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈردى. بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش»تىن ئىبارەت ھۆكۈم ئۆلچىمى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى سىستېمىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم قىممەت ئۆلچىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ دوگمىچىلىق ۋە چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل پىكىر ئېقىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن، پەرسىيلەرنى ئوكشاپ، «سوتسىيالىزمغۇ، ياكى «كاپىتالىزمغۇ» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئابستراكت ھالدا مۇنازىرلىشىدىغان بىتاپەرزكىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئىنكار قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى سوتسىيالىزم كاتېگورىيىلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ قىسمىتى توغرىسىدا توغرا قاراش ۋە تونۇشقا ئىگە قىلدى. دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇشۇ مۇھىم يەكۈنلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى باشتىن ئاخىر ئىلغار يول بىلەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1989-يىلى، شەرقىي ياۋروپادا ھەددىدىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تىۋلىمۇ تەۋرەنگەن پەلەكتە چۈشۈپ قالغان چاغدا، دېڭ شياۋپىڭ يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى، سوتسىيالىزمنى قوغدىدى. ئۇ مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئۆزگەرتمەسلىك، سوتسىيالىزمنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئۆزگەرتمەسلىك لازىم، «ئەمەلىيەتتە تۈزۈلگەن ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشلەۋېرىش كېرەك. ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئايرىم سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.» دەل ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە كەسكىن تەدبىرلىرى ئارقىسىدىلا، تىنچ ئوكيان بويىدىكى بۇ سېرىق تۇپراقلىق زېمىندا سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ دولقۇنى مەھكەم تىكلىنىپ، باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەت ئورنىنى باسالمايدىغان مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىدى.

## 3. ئۈچ قەدەم بىلەن مېڭىش ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەش

«دەسلەپكى باسقۇچ» نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى يېتەكچى ئىدىيە ۋە نەزەرىيە ئاساسى جەھەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش قايسى يول بىلەن بېرىشى كېرەك، يېقىنقى، ئوتتۇرا ۋە يىراق مەزگىللەردە قايسى نىشانغا يېتىش كېرەك دېگەن مەسىلە ھەربىر جۇڭگولۇق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ئىدى، شۇنداقلا بىرقانچە ئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ كۆرەش نىشانى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۈچ قەدەم بىلەن مېڭىش ستراتېگىيىسىنى لايىھەلەپ ۋە تۈزۈپ چىقتى.

1979-يىلى، دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن ياپونىيە باش ۋەزىرى دايپىڭ جېڭفالىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت داۋامىدا، باش ۋەزىر دايپىڭ جېڭفالىڭ: «جۇڭگو ئۆزىنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەيدانىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگونىڭ ئەھۋالى كەلگۈسىدە قانداق بولىدۇ؟ پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش پىلانى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى قانداق؟» دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بىز ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — جۇڭگوچە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتۇر، «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز مەلۇم نىشانغا يەتكەن تەقدىردىمۇ، مىللىي دارامەتنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى يەنىلا تۆۋەن بولىدۇ. ئۈچىنچى دۇنيادىكى ھاللىقراق مەملىكەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش، مەسىلەن، مىللىي دارامەتنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارىنى 1000 دوللارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ، ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئاشۇنداق سەۋىيىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، غەربنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا ئارقىدا تۇرىمىز. مەن پەقەت جۇڭگونىڭ ھالىتى يەنىلا «ھاللىق» سەۋىيە ھالىتىدىنلا ئىبارەت دېيەلەيمەن.» مەشھۇر «ھاللىق» سەۋىيە تەسەۋۋۇرى دېگەن ئەنە شۇ ئىدى.

كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھاللىق سەۋىيە تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا، ئۈچ قەدەم بىلەن مېڭىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى توغرىسىدىكى كونكرېت مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈچ قەدەم بىلەن مېڭىش توغرىسىدىكى ئوي - پىكىر ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، يېتىلىپ بارغانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى. 1987 - يىلى 10 - ئايدا، پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئۈچ قەدەم بىلەن مېڭىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يەنى: بىرىنچى قەدەمدە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 - يىلدىكىگە قارىغاندا بىر قاتلاش، خەلقنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىككىنچى قەدەمدە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ئۈچىنچى قەدەمدە، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارىنى ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بىرقەدەر باياشات ھالغا كەلتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشنى بەلگىلىدى. بۇ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئاساس قىلىنىپ، ئىقتىسادىي راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 12 - قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يەنىمۇ بېيىتىلگەنلىكى ۋە راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

1992 - يىلى پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا، «ھاللىق» تەسەۋۋۇرى يەنىمۇ بېيىتىلدى: «ھازىردىن باشلاپ كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىل، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ناھايىتى مۇھىم، ناھايىتى قىممەتلىك مەزگىل. ئۈستىمىزدىكى يۈك ئېغىر، مەسئۇلىيىتىمىز چوڭ. 90 - يىللاردا، بىز يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىن ئىبارەت ئىككىنچى قەدەمدىكى تەرەققىيات نىشانىغا يېتىمىز. يەنە 20 يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىسىدا، پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل توشقان چاغدا، بىز ھەرقايسى جەھەتلەردە تېخىمۇ پىشقان، تېخىمۇ قېلىپلاشقان بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمىز. مۇشۇ ئاساستا، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل توشقان چاغدا، ئۈچىنچى قەدەمدىكى تەرەققىيات نىشانىغا يېتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىمىز.»

ھالىلىق سەۋىيىگە يېتىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلاندى، ئىنۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىنىمۇ ۋەكىللىك قىلىپ، بارلىق جۇڭگو خەلقىنى بۇ يولدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى

سوتسىيالىزمنى قايتا تونۇش ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي مەسىلىنىڭ «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى» توغرىسىدىكى ئىدىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى نەزەرىيە جەھەتتىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى بەرپا قىلىپ بەرگەن بولسا، مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، باش لايىھىلىگۈچى دېڭ شىياۋپىڭ ئۆزىنىڭ كارامەت ئىقتىدارى ئارقىلىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەندىزىسىنى تەييارلاپ چىقىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ سوتسىيالىزم تەلىماتىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى جانلىق، مول ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلىدى. ھالبۇكى، بۇ تەجرىبىلەر بىر ئاساسىي لۇشيەنتى ئورنىتىش، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۈچ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

### بىر ئاساسىي لۇشيەننى ئورنىتىش

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»تىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر، ئەڭ كۆپ، ئەڭ چوڭقۇر سۆزلىگەن كىشى يولداش دېڭ شىياۋپىڭ بولدى، دەپ كۆرسەتتى. بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ چىن مەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1978 - يىلىلا، يولداش دېڭ شىياۋپىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش»نى ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويدى. 1980 - يىلى، ئۇ «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر» دېگەن نۇتقىدا، چوڭقۇر ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزدىن چەتلىگەندە، ماددىي ئاساستىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. باشقا ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەركەزگە بويسۇنۇشى، مۇشۇ مەركەزنى دەۋر قىلىشى لازىمكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى، چېقىلماسلىقى لازىم. ئۆتكەن 20 نەچچە يىلدا بىز بۇ جەھەتتە تولىمۇ كۆپ ئاچچىق ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق.» كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇ تۈرلۈك سورۇنلاردا، بىر مەركەز، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۆت ئاساسىي

پرىنسىپىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. 1987 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۇ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت نۇقتىنەزەرنى مۇكەممەل ھالدا ئېنىق قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئىككى ئاساسىي نۇقتىنىڭ بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جىددىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئىككى ئاساسىي نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىرىنىڭ بىرىگە قوشۇلۇشىدىنلا ئىبارەت ئاددىي مۇناسىۋەت ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر ـ بىرىنى چەكلەيدىغان، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىدىغان، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قارىمۇ قارشىلىق بىرلىك مۇناسىۋىتىدۇر، بۇ ئاساسىي نۇقتىلاردىن قايسى بىرىگە سەل قارالسا، پارتىيە ئىشلىرىغا زىيان يېتىدۇ. «بىر مەركەز»نىڭ ئىشقا ئېشىشى بىۋاسىتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر پەقەت «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش»لا تەكىتلەنسە، «بىر مەركەز» ئۆزىگە تۈۋرۈك بولىدىغان بىر نۇقتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بۇنىڭ ئارقىسىدا، مۇقەررەر ھالدا دوگمىچىلىق ئاساسىدىكى ئىدىيىۋى قاتماللىق كېلىپ چىقىدۇ، بۇنداقتا دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشقىلى، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە؛ ئاخىرىدا «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»تا چىڭ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر پەقەت «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش»لا تەكىتلەنسە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سوتسىيالىزم نىشانىدىن، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن چوقۇم مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشمۇ ئاخىر بېرىپ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش پرىنسىپى ئاستىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى، «ئىككى قولدا تۇتۇش»نى، «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش»نى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش تا ھازىرغىچە بىزنىڭ مەۋقەيىمىز بولۇپ كەلدى، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ»، «ھەرقانداق چەت ئەل جۇڭگونى ئۆزىگە بېقىندۇرىمەن دېمىسۇن، جۇڭگونى ئۆز مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىدۇ دېمىسۇن» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدى. بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە جىددىي ئەگرى ـ توقايلىقلار يۈز بەرگەن چاغدىمۇ، ئۇ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن: «دۇنيادا ماركسىزمنى ياقلايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەك،... ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىك لازىم، ماركسىزم يوقىلىدىغان بولدى، كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، مەغلۇپ بولدى، دەپ قارىماسلىق لازىم، نەدە بۇنداق ئىش بولسۇن!» دېدى. بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ يادروسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى بوش قويۇۋەتمەي، چىڭ تۇتۇش، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى

مەدەنىيەتنىڭ ئەكسىچە بولدى. ئۇ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۇزلۇكسىز ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

## تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ئۇچ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش

### «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» تىن «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش» قا يۈزلىنىش

1978 - يىلدىكى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» تىن ئىبارەت خاتا فاكچىيىنى قەتئىيلىك بىلەن چۆرۈپ تاشلاپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەپكە بۇرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانىنى بەلگىلىدى. خىزمەت مەركىزىنىڭ بۇرۇلۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق يېڭى ئىنقىلاب بولدى. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇۋالغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپ - ئاساسىدىن ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان سوتسىيالىستىك يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسىي تۈزۈلمىنى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تۈزۈلمىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھالدا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

خىزمەت مەركىزىنى ھەقىقىي يۆتكەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتىدا: «ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيادىكى ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەردىن تىرىشىپ پايدىلىنىش» نى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1980 - يىل 11 - ئايغا كەلگەندە، دېڭ شياۋپىڭ يولداش يەنە ئېنىق ھالدا «ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش» دېگەنگە يىغىنچاقلىدى ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە: «بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت» دېدى.

ماركسىزم كلاسسىكلىرى «ئېچىۋېتىلگەن سوتسىيالىزم» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كوممۇنىزمنىڭ ئىشقا ئېشىشى «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان دۇنياۋى ئالاقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى» لازىم، «ئۇنداق بولمىسا، كوممۇنىزم مەلۇم رايون خاراكتېرلىك نەرسە سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ»، «ئۇلار يەنىلا قويۇق خۇراپىي تۈس ئالغان ئائىلىۋى «مۇھىت» تا تۇرۇۋېرىدۇ»، «ئالاقىنىڭ ھەرقانداق كېڭىيىشى رايون خاراكتېرلىك كوممۇنىزمنى يوقىتىدۇ»

دەپ كۆرسەتكەن. ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، خەلقئارا كاپىتالىزمنىڭ قامال قىلىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاش ئارقىلىق، دۇنيانىڭ تارىخىي سىستېمىسىغا، سىياسىي سىستېمىسىغا ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا كىرمىگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرغىلى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر تەھلىل قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەق بىزنى قامال قىلدى، بىزمۇ مەلۇم دەرىجىدە بېكىنمىچىلىك قىلدۇق، بۇ بىزگە بەزى قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. «سول» چىل سىياسەتمۇ بىزگە بەزى بالايىئاپەتلەرنى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بالايىئاپەتلىرىنى كەلتۈردى. قىسقىسى، ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئاقمايدۇ، بۇنداقتا تەرەققىي قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ — 30 يىللىق تەجرىبىمىز». بۇ سۆزلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «سول» چىل قاتمال ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرمىغان بولساق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشىمىز مۇمكىن بولمايتتى؛ كاپىتالىزمنى چۆرۈپ تاشلىمىغان بولساق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ سوتسىيالىزم ئىزىدىن ئايرىلىپ قالاتتۇق، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىجاد قىلغان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇلارنى ئەينەك قىلىشىمىز ۋە دادىل قوبۇل قىلىشىمىز مۇمكىن بولمايتتى. ئاز كەم 30 يىل بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، «سىنىپىي كۈرەش» بىلەن شۇغۇللىنىشتىن «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش» بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتتۇق، بۇ، ئەمەلىيەتتە، جاپالىق جەريانلاردىن كېيىنكى دادىل تاللاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇنى بۈگۈنكى كۈندە چۈشەنمەك ئاساندەك تۇيۇلغىنى بىلەن، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالدا بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ جاسارەت ۋە پاراسەت، جۈرئەت كېرەك ئىدى.

## ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي ھالدا پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىزىغا سېلىش

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنى، بولۇپمۇ 70 — 80 - يىللاردىكى دۇنيا ئىقتىسادى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ۋە يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يەنىمۇ ئېنىق ھالدا: «پەن - تېخنىكا - ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، يەنە كېلىپ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دەپ كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇلاھىزىسى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، ماركسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى

تەلىماتىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، مۇھىم ئۆزگەرتكۈچى بولغان پەن - تېخنىكىنىڭ ھازىرقى دۇنيا ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى جەھەتتىكى زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

دېڭ شياۋپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پەن - تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى، يەنە كېلىپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كۆپرەك ئىگىلىگەن بىر قىسمى، ئۇلار ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ باشلامچىلىرى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش - قىلدۇرماسلىق، كۆپ دەرىجىدە، مىللىتىمىزنىڭ گۈللىنىش ياكى چۈشكۈنلىشىشىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ، دېگەنلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى دېڭ شياۋپىڭ-نىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئىگىلىگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1985 - يىلى ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»دا: «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىغا تايىنىشى، پەن - تېخنىكا خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىشى لازىم» ۋە «مائارىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مائارىپقا تايىنىشى لازىم» دېگەن ستراتېگىيىلىك فاڭجېن ئېنىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مۇشۇ ئاساستا، پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيى «پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىزىغا بۇراش» لازىم دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز ھازىر بۇ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئىرىشىۋاتىمىز. يولداش جياڭ زېمىن ئىككىنچى قېتىملىق ستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇشقا باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئىزىغا بۇرالغانلىقى بىرىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى دېيىلىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىزىغا بۇرۇشىمىز چوقۇم ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ غەلىبىلىك ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس يۇرنىتىپ بېرىدۇ».

## پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغان ھەرىكەت

مېخانىزمىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى نەزەرىيە بىلەن چەكلىنىپ قالماي، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بازار ئىگىلىكى دېگەندە بايلىق تەقسىماتىدا بازارنى يول باشلىغۇچى قىلىدىغان ئىگىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ئورنىتىش ماركس، لېنىن ۋە ماۋزېدۇڭلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇنىڭ نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇ نەزەرىيە پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا بىرلىككە دوكلاتقا كىرگۈزۈلۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ قالدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەزەلدىن، سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش يوقالغاندىكىن، بازارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قالىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لېنىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھەربىي كوممۇنىزمنى يولغا قويۇپ، سودا ئورنىغا پىلانلىق، تەشكىللىك مەھسۇلات تەقسىماتىنى دەسسەتتى، بۇ ئەسلىدىكى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. رەھىمسىز رېئاللىق لېنىننى 1921 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، كەسكىنلىك بىلەن يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىشقا، ھەتتا تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ھايات - ماماتىغا ئالاقىدار چوڭ ئىش قاتارىدا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. لېنىننىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، تاۋار ئىگىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىن تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىشقا بۇرالغانلىقىنى ئۇنىڭ ماركسىزمنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە قوشقان چوڭ بىر تۆھپىسى دېيىش كېرەك. لېكىن لېنىن بالدۇرلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ كېيىنكىلەرگە ئۆتكۈنچى دەۋردە تاۋار ئىگىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەتتا راۋاجلاندۇرۇشقا بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۆتكۈنچى دەۋر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىش جەريانىدا قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن ناھايىتى چوڭ بىر مەسىلىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ بۇ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلمىدى.

دېڭ شياۋپىڭ بازار ئىگىلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزچىل ئويلىنىپ كەلدى، ئۇ، بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ كىتابلىرىدىن تەييار جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ، دۇنيا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلمىغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرمىغانلار ھەقىقىي ماركسىزمچى ھېسابلانمايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ 1979 - يىلىلا: «بازار ئىگىلىكىنى كاپىتالىستىك جەمئىيەت بىلەنلا، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دېيىش چوقۇم توغرا بولمايدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان يېزىلاردىكى ئىسلاھات، شەھەرلەردىكى ئىسلاھات، ئالاھىدە رايونلار قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ئۇنىڭ پىلان بىلەن بازار مەسىلىسى ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇ

1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «نەزەرىيە جەھەتتىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم پىلان ۋە بازار جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، دەيدىغان مەزمۇن يوق. سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئارقىلىق تەڭشەش بولىدۇ، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان ئارقىلىق تىزگىنلەش بولىدۇ. ئازراق بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشنى كاپىتالىزم يولى دەپ قارىماسلىق لازىم، ئۇنداق ئىش يوق. پىلانلىق ئىگىلىكمۇ، بازار ئارقىلىق تەڭشەشمۇ كېرەك. بازارنى يولغا قويماي، ئارقىدا قېلىشقا تەن بەرگەندە، ھەتتا دۇنيا ئۇچۇرىدىنمۇ خەۋەرسىز قالىدىغان گەپ». ئۇنىڭ 1992 ـ يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزلىرىدە بۇ نۇقتا تېخىمۇ مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەنگەن. ئۇ شۇنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدىكى، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئاساسىي تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىنمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپ ئاساسىدىن ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچ تولغۇپ تۇرغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس. پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ؛ بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ. ئۇ، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈگۈنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئاساسىي تۈزۈم كاتېگورىيىسىگە تەۋە ئەمەس، ئۇلار پەقەت بايلىقلارنى تەقسىملەش ۋە ئىگىلىكنى تەڭشەشنىڭ مېخانىزمى ياكى ۋاسىتىسى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇھىم ئىدىيىلىرى ماتېرىيالىزمچە تارىخ قارىشىنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، تەقسىمات، ئىستېمال، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى شەكلى توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، 14 ـ قۇرۇلتاينىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تۇرغۇزۇپ بەردى.

## تاڭ قالار ئۆزگەرگىنىگە يەر ـ جاھان

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا دۇنيا ئېتىراپ قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى.

ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «ئىقتىسادشۇناسلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دۇنيا بويىچە ئىقتىساد گۈللىنىپ راۋاجلىنىۋاتقان رايونلارنىڭ بىرى، 2000 ـ يىلغا كەلگەندە، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئۆلكىلەر جەنۇبىي ياۋروپاغا يېتىشىپ كېتىدۇ، دېيىلگەن. ماقالىدە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى «داغدۇغىلىق 12 يىللىق ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى»نى تەييارلىدى، «مۆجىزىگە

ئوخشاش بۇنداق تەرەققىياتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى» دېڭ شياۋپىڭ تەشەببۇس قىلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر، دېيىلگەن.

ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نىكسون مۇنداق دېگەن: «1 مىليارد 100 مىليون خەلق يەر شارى ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگو مۇشۇنىڭ ئۆزىگىلا تايانسا، خەلقئارا سەھنىدە مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۇ كەلگۈسىدىمۇ، مۇقەررەر ھالدا، ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. جۇڭگوغا سەل قارىشىمىز ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلماسلىقىمىز مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ بۈگۈندىن 20 يىل ئىلگىرى دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. 20 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئورنىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھەمدە خەلقئارا ئىشلارغا ئارىلىشىشقا جىق كۈچىدى، جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك مەملىكەتكە ئايلىنىشى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ يادرو قوراللىرى ۋە مۇنتىزىم قوراللىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە دەرىجىدىن تاشقىرى ھەربىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. ئەگەر جۇڭگو ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىجادىي روھىنى جارى قىلدۇرسا، ئۇ XXI ئەسىر ئىچىدە يەر شارى بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مەملىكەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەر شارى بويىچە ئەڭ باي، گۈللەنگەن مەملىكەت بولۇپ قالىدۇ.»

8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1992 - يىلى، مەملىكەت بويىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 تىرىليون 400 مىليارد يۈەنگە يېتىشىپ، 5 يىل ئىچىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.9 پىرسەنت، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.8 پىرسەنت، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى سانائەت 9.2 پىرسەنت ئۆسكەن. 5 يىل ئىچىدە، سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 پىرسەنت، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20.8 پىرسەنت ئۆسكەن، پۈتۈن سانائەت ئىچىدە، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكىسى 28.5 پىرسەنت ئۆسكەن، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى، ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇشتىكى كارخانىلار ۋە چەت ئەللەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار 48.8 پىرسەنت ئاشقان. شەھەر، بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئۆسۈش نىسبىتى 8.8 پىرسەنتكە يەتكەن، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان كىرىمى 5.9 پىرسەنت ئۆسكەن. مۇشۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ، ھەقىقەتەن، كاپىتالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تۆۋەن پەللىدە تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى يېڭى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭچىلىك ھەجىمدىكى بىر ماقالىدە ئۇنىڭ ھەرقايسى

تەرەپلىرىنى ئۈتراپلىق، تەپسىلىي بايان قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىلا تاللاپ بايان قىلىندى. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بىز ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىلا، ئەمەلىيەتتىن دادىل ئۆتكۈزگەندىلا بولساق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن چوقۇم زور ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ، ئۇ چوقۇم دۇنيا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور تۆھپە قوشىدۇ.

---

بۇ ماقالىدە ئوزنى كۆرسىتىلمەي كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنىڭ مەنبەسى

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 1958 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 5 ـ توم.

② «دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن مەخسۇس تاللانما»، مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت ـ ئەسەرلەر نەشرىياتىنىڭ 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

③ «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرى» (1987 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە).

④ دېڭ شياۋپىڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرايلى» (تولۇقلانغان نۇسخىسىنىڭ خەنزۇچە نەشرى).

⑤ «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم.

(«نەنجىڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

ئەكبەر ھۆسەيىن تەرجىمىسى

# يىپەك يولى كارۋانلىرى ئاناتولىيىدە

ئابدۇكېرىم راخمان

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، 1993 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق «يىپەك يولى مىللەتلىرى ئەدەبىياتى ئىلمىي كېڭەشى»نىڭ جەريانى ھەم مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنى ياد ئېتىش قىلغان كونيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، خەلق پەيلاسوپى ۋە دانىشمىنى خوجا نەسىرىددىننىڭ ھايات پائالىيەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

## 1 . كىرىش

1993 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «يىپەك يولى مىللەتلىرى ئارا خەلق ئەدەبىياتى سىمپوزىيۇمى (ئىلمىي كېڭەشى)» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى كېڭەشكە ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيە، يۇگوسلاۋىيە، ئالبانىيە، كرېتسىيە، ماكېدونىيە، سىپرۇس، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى، روسىيە، ئۇكرائىنا، مولداۋىيە، ئەزەربەيجان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن 78 نەپەر فولكلور شۇناس مۇتەخەسسىس قاتناشتى. شۇنداقلا بىر قىسىم ئاشىقلار (خەلق شائىرلىرى)، ئاقىنلار ۋە ماناسچىلارمۇ تەكلىپ بىلەن بۇ قېتىمقى ئىلمىي كېڭەشكە ئىشتىراك قىلدى.

بۇ نۆۋەتلىك ئىلمىي كېڭەش تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، يىغىندىن بۇرۇنلا ھەرقايسى ئەللەردىن قاتنىشىدىغان ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ تېزىسى تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە ئىككى خىل تىلدا كىتابچە قىلىپ چىقىرىلىپ، يىغىنىنىڭ كۈن تەرتىپى ۋە پروگراممىلىرى بىلەن بىللە يىغىن قاتناشچىلىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى كاتىپا كېڭەشكە تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى فولكلور تەتقىقات مۇدىرىيىتىنىڭ باش مۇدىرى، فولكلورشۇناس يەھيا ئاكسۆي باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشىلىك تەييارلىق ھەيئىتى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئىلمىي كېڭەشنىڭ

ئېچىلىش مۇراسىمى دۆلەتلىك مىللىي كۇتۇپخانا يېنىدىكى سەنئەت سارىيىنىڭ ھەشەمەتلىك زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇ نۆۋەتلىك ئىلمىي كېڭەشنىڭ بەلگىسى ۋە نامى چۈشۈرۈلگەن يۇمۇلاق تاختا ئېسىلىپ، ئىككى يېنىغا يىغىنغا قاتناشقان ئالىملارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بايرىقى تىزىلدى (سول تەرەپ 3-رەتتە ئېلىمىز جۇڭگونىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقى قويۇلدى). ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى (كۇلتۇر باكانى) D. فىكرى ساگلار ۋە ئۇنىڭ ئورۇن باسارلىرى، مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىكلەرنىڭ مىنىستىرلىرى، ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇدىرلىرى قاتنىشىپ تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى سۇلايمان دېمىرەل، باش مىنىستىر (زۇڭلى) تانسۇ چىللەر قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تەبرىك خەتلىرى ئوقۇلدى. ئېچىلىش مۇراسىمى ناھايىتى ئىخچام بولۇپ، بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تۈگىدى. ئارقىدىن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ خەلق مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش كومىتېتى مۇشۇ يىغىنغا ئاتاپ تەييارلىغان «يىپەك يولى مىللەتلىرىنىڭ فولكلور ئۆرنەكلىرى» كۆرگەزمىسى ئېكىسكۇرسىيە قىلىندى. چۈشتىن كېيىن يىغىننىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇش باشلاندى. ماقالە ئوقۇلۇشتىن ئاۋۋال، يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسى يىغىننىڭ پروگراممىلىرىنى ئوقۇپ، يىغىن كۈن تەرتىپى بويىچە ھەربىر كىشىگە پەقەت 20 مىنۇت ۋاقىت بېرىلىدىغانلىقى، مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاساسىي روھىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەكلىكى، يەنە بەش مىنۇت ۋاقىتتا كېڭەشكە قاتناشقان رەسمىي ۋەكىللەر (چۈنكى تۈركىيىدە خەلقئارا ئىلمىي يىغىنلارنى سىرتتىن ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىدىغان كاندىدات ۋەكىللەر كۆپ بولىدىكەن) ئوقۇغان ماقالە ھەققىدىكى چۈشەنمىگەن ياكى ئاڭقىرالمىغان مەسىلىلىرىنى كاتىبات ھەيئىتى تارقاتقان قەغەزگە يېزىپ، ئىجرائىيە رەئىسكە تاپشۇرۇش ۋە نەق مەيداندا جاۋاب بېرىش لازىملىقى قاتارلىق ئىشلارنى ئۇقتۇردى، ئاخىرىدا ئوقۇلغان ھەربىر ماقالىنى قىسقىچە خۇلاسە قىلىپ، يىغىننىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولغان ماقالىلەر ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئىلمىي يىغىننىڭ شاھادەتنامىسىنى تارقىتىپ بەردى.

مېنىڭ مەملىكەت سىرتىدىكى ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىشىم تۇنجى قېتىملىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈم يالغۇز بولساممۇ، جۇڭگودەك بىر بۈيۈك دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، دەسلەپ بىر ئاز جىددىيلىك ھېس قىلدىم. چۈنكى بۇ قېتىملىق ئىلمىي كېڭەشكە كەلگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى فولكلور ساھەسىدە خەلقئاراغا تونۇلغان ئالىملار ئىكەن. مەن يىغىننىڭ كۈن تەرتىپى بويىچە 3-نۆۋەتتە سۆزگە چىقىپ، يىغىن ئۈچۈن تەييارلىغان «يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى — ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق ئىلمىي ماقالەمنى ئوقۇدۇم. ماقالەمدىكى پىكىرلەر يىغىن ئەھلىگە يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىندى. ماقالەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ سىنئالغۇ فىلىمىنى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان چەتئەل ئالىملىرى ئارقا-ئارقىدىن بۇ سىنئالغۇ لېنتىسىنى بىر نۇسخىدىن كۆچۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىن تەييارلىق ھەيئىتى ئالىملارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەن سوۋغا قىلغان بۇ

سىنئالغۇ قىلىنمىدىن بىر نەچچە نۇسخا كۆچۈرۈپ بەردى. دەرۋەقە، ھەر بىر كەسىپ ئىگىسىنىڭ ئۆز كەسپىگە ئائىت يېڭى ماتېرىياللارغا تەشنا بولىدىغانلىقى بىر خىل نورمال ھادىسە. مەنمۇ فولكلور ۋە يېزىق ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى خەلقئارا مۇھاكىمىنىڭ پروتوكول خەرىيانى، جۈملىدىن تۈركىيىنىڭ فولكلور ساھەسىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى مېنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلدى. تۈركىيىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە، ئومۇملاشقان ھەم يەتكىلىك ساھە دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، ھەممىدىن بەكرەك ئېتىبار بېرىلگەن قازىلىدىغىنى خەلق ئەدەبىياتى سەنئىتى ۋە فولكلور بولغاچقا، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەن، كۆپچىلىك دۆلەتلەردە، جۈملىدىن بىزنىڭ ئېلىمىزدە خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور خىزمىتىگە قارىتا ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەمما تۈركىيىدە خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور (قىسقارتىلىپ خەلق مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان)نى توپلاش، تەتقىق قىلىش ئورنىغا قارىتا ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقلۇق مەمۇرىي ئورگىنى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ، ئۇ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەۋەلىكىدىكى ئۈچ چوڭ ئىدارە (مۇدىرىيەت)نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ خەلق مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە توپلاش باش مۇدىرىيىتىدە يەتتە شۆبە مۇدىرىيەت (خەلق يېزىق ئەدەبىياتى بۆلۈمى، خەلق مۇزىكىسى ۋە سەنئىتى بۆلۈمى، خەلق ئويۇنلىرى ۋە تىياتىرلىرى بۆلۈمى، باللار فولكلورى بۆلۈمى، خەلق ھۈنەر-سەنئىتى بۆلۈمى، خەلق ئۆرپ-ئادەتلىرى بۆلۈمى، خەلق گۈزەل سەنئىتى ۋە فوتوگرافىيە بۆلۈمى بولۇپ، ئۇنىڭدا 150 كە يېقىن كەسپىي خادىم ئىشلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ساھەسى بويىچە مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، ھەر يىلى ئۈچ ئاي ۋاقىت چىقىرىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىكەن. باسما-نەشىر ئىشلىرى بۆلۈمى-تۈرك ۋە ئىنگلىز تىلىدا ئۈچ ژۇرنال ئىشلىگەندىن تاشقىرى، ھەر يىلى ئاز بولغاندا خەلق مەدەنىيىتىگە ئائىت ئون چوڭ كىتاب ئىشلەيدىكەن. خەلق مەدەنىيىتىگە ئائىت بۇ ژۇرنال ۋە كىتابلار چەت ئەللەرگىمۇ تارقىتىلىدىغان بولغاچقا، شۇ پەيتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىكەن. تۈركىيىدە ئىشلەنگەن باسما ماتېرىياللىرى ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ۋە جەلپ قىلارلىق بولغىنى فولكلورغا ئائىت گېزىت-ژۇرناللار ۋە كىتابلار ئىكەن. «دۆلەتلىك خەلق مەدەنىيىتى تەتقىقات باش مۇدىرىيىتى»دىن باشقا يەنە ھەر بىر ۋىلايەتتە شۆبە مۇدىرىيەت بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆز دائىرىسىدە ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارىدىكەن، گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتاب ئىشلەيدىكەن. ھەتتا ۋىلايەتلەردىكى شۆبە ئىدارىلەرمۇ خەلق مەدەنىيىتى بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلارنى ياكى مەخسۇس تېمىلاردىكى فېستىۋاللارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. بۇ ئىدارىلەرنىڭ تەۋەلىكىدە كۇتۇپخانا، فولكلور ئارخىپ ئىدارىسى، فولكلور مۇزېيى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر بولۇپ، ئۇلار سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل باشقۇرۇلىدىكەن. قىسقىسى، بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىكەن.

3 — تۈركىيە جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئۇتاشقان جايغا جايلاشقان بولغاچقا، ياۋروپانىڭ زامانىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى خېلى قويۇق سىڭدۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەن بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقاتمىغان. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاناتولىيە قىسمىدا خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى تولۇق ساقلانغان. تۈركىيە ئىلىم ساھەسى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە باشتىن ـ ئاخىر ئېتىبار بىلەن قاراپ، بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات مۇناسىۋىتى ۋە بىرلىكىنى ئىلمىي ھالدا ياخشى ھەل قىلغان.

تۈركىيىنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ئالتە قانالدا 24 سائەت پروگرامما تارقىتىدىكەن. بۇ قاناللارنىڭ بەزىلىرىدە مەخسۇس زامانىۋىلاشقان ھازىرقى زامان سەنئەت نومۇرلىرى بېرىلسە، بەزىلىرىدە تۈركىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەت نومۇرلىرى، ئاشىقلار ئېيتىشىشى، خەلق سۆز ـ ئويۇنلىرى، خەلق تىياتىرلىرى... كۆرسىتىلىدىكەن. ھەرقايسى قانالنىڭ ئۆزىگە لايىق زوقمەنلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدىكەن. لېكىن تۈركىيىنىڭ زامانىۋى جاز مۇزىكىلىرى، دىسكو مۇزىكىلىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى (بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى غەرب سەنئىتى) خېلى يۇقىرى دەرىجىدە زامانىۋىلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يەنىلا تۈرك ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتى ۋە مۇزىكىسىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇ ھەممە كىشىگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايدىكەن. قىسقىسى، تۈركىيە مەدەنىيىتىدە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى ئىلمىي ھالدا ھەل قىلىنغاچقا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكلەن پەيدا بولىدىغان توقۇنۇش ۋە كىرىزىس تۈگىتىلگەن ئىكەن.

ئىلمىي كېڭەش جەريانىدا، ئەنقەرە ۋە باشقا شەھەرلەردە تۈركىيىنىڭ خەلق مەدەنىيىتىگە ئائىت ھەر خىل تېمىدىكى سەنئەت نومۇرلىرى ۋە تىياتىرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ سەنئىتى بىلەن سېلىشتۇردۇم. ئەلۋەتتە، پەرق چوڭ! بۇ پەرقنى ئېتىراپ قىلمىسلىق ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، دەرۋەقە، شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى ئىكەنلىكىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ. دۇنياغا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئورنىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىزدە ۋارىسلىق بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى تېخى ئىلمىي ھالدا ھەل قىلىنمىدى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ھېسسىياتى تۈرلۈك زىددىيەتلەردىن خالى ئەمەس. ھازىر بەزى ناخشا ـ مۇزىكىلار (ئۇنى بەزىلەر زامانىۋى ناخشا ـ مۇزىكىلار دېيىشمەكتە) بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ۋاقىتلىق بازار تاپقان بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىسىدىن چەتنەپ كەتكەچكە، ئۇ يەنىلا خەلق قەلبىگە سىڭمەي، كۆپۈككە ئايلانماقتا. ئۆز پېتىچە ئوينالغان ئەنئەنىۋى خەلق تىياتىرلىرى ۋە موقاملار بولسا ياشلىرىمىزنى زېرىكتۈرۈپ قويماقتا. گەرچە ھەر ئىككىسى ئەمەلىيەت بولسىمۇ، ئۇ زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي جەھەتتىن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنى ياكى بۇنى رەت قىلىشقا ياكى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. مەن بۇ تېمىغا بىر قەدەر قىزىققانلىقىم ئۈچۈن، تۈركىيىدە بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلغانلىقى سىرداشلىرىم بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، 40 ـ يىللاردىن 50 ـ ئاخىرىغىچە ئەنئەنىۋى سەنئەت بىلەن زامانىۋى سەنئەت

ئوتتۇرىسىدا تۇقۇنۇش ۋە زىددىيەت خېلى كەسكىن بولغانىكەن. ھەتتا بەزى شەھەر ـ رايونلاردا «ئەنئەنىچىلەر» بىلەن «زامانىۋىچىلار» ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا تۇغۇلۇپ، قان تۆكۈلۈشلەرمۇ يۈز بەرگەنىكەن. شۇندىن باشلاپ بۇ زىددىيەتنى ئىلمىي ھالدا ھەل قىلىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەن. كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان ھەم بۇ تېمىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ئورگانلارنى تەسىس قىلغان. چۈنكى، تۈركىيە خېلى بۇرۇنلا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى كەڭ يولغا قويغان دۆلەت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن ياۋروپا دەرۋازىسىغا جايلاشقاچقا، بۇمەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا، تۈركىيىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدە كرىزىس يۈز بېرىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە، مەنىۋى مەدەنىيەت بىر خىل مۇرەككەپ ئېستېتىكىلىق قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنى مەلۇم بىر قېلىپ ياكى ئۆلچەم بىلەن چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ. پەقەت تەكرار ئىزدىنىش، تەكرار ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىقلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەنقەرەدە مەن كۆرگەن تۈركىيە خەلق مەدەنىيىتى باش مۇدىرىيىتىنىڭ «تۈرك خەلق ئويۇنلىرى» بۆلۈمى تەييارلىغان «زامان ـ ماكان ئىچىدە، ئويۇن ـ دوگۇن ئىچىدە» ناملىق چوڭ تىپتىكى فولكلور بالېت تىياتىرلىرى بۇنىڭ جانلىق مىسالى. بۇ تىياتىر سەككىز چوڭ كۆرۈنۈش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ ھاياۋانلار دۇنياسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىش دەۋرى، تاغ ـ جىلغىلارنى ماكان قىلىپ، تەبىئەتنى پاناھ قىلغان دەۋرى، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش دەۋرى، ماترىئارخاللىق (ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى) تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى، پاترىئارخاللىق (ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى) تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئايال لار سەلتەنىتىنىڭ يىمىرىلىش دەۋرى، سۇۋىلىزاتسىيە (مەدەنىيەت) دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى ئۇرۇغ، قەبىلە ۋە خەلق گۇرۇھلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، دىن، ئېتىقاد شەكىللىرى، تۈرك شامانىزمى ۋە ئۇنىڭ ئادەت شەكىللىرى، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى، قەدىمكى ئەنئەنىلەرنىڭ بۇزۇلۇش، يوقىلىش جەريانلىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى... قىسقىسى، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پۈتكۈل جەريانى زامانىۋى بالېت تىياتىرى شەكلىدە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. تىياتىر ۋاقتى ئۈچ سائەتتىن ئاشسىمۇ، لېكىن تاماشىبىنلاردا ھېچقانداق ھارغىنلىق كۆرۈلمىدى. بۇ تىياتىردا ھەقىقەتەنمۇ تۈرك مىللىي سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى بىلەن زامانىۋىلىكى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان، شۇڭا ئۇ ھەرقانداق كىشىگە ئېستېتىك زوق بېرىپلا قالماستىن، يەنە مول تارىخىي بىلىممۇ بېرەلەيدۇ. تۈركىيىدىكى تىياتىرخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ئاتا تۈرك (مۇستافا كامال)نىڭ: «تىياتىر بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەينىكىدۇر» دېگەن سۆزى كۆرۈنەرلىك يەرگە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغانىكەن.

تۈركىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سەنئىتىنى ۋە سەنئەتكارلىرىنى ھەقىقىي سۆيىدىكەن ۋە قەدىرلەيدىكەن، بىز بۇ قېتىمقى ئىلمىي كېڭەش جەريانىدا، ئەنقەرەدىن 200 نەچچە كىلومېتىر يىراقتىكى ئوتتۇرا ئاناتولىيە ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئاقسېرەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەت فېستىۋالىغا قاتناشتۇق. 20 مىڭ كىشى سىغىدىغان يازلىق تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كېچىلىكىدە، ئىزمىر ئۆلكىسىدىن كەلگەن

سوۋۇقى ئانداق ئىسسىقلىك 48 ياشلىق ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى «مەن يۇرتۇمنى سۆيىمەن، يۇرتۇمنىڭ ھەممە نەرسىنى سۆيىمەن» دېگەن تېمىدا يېزىلغان ناخشا ئورۇنلىدى. بۇ خەلق ناخشىچىسىنى تۈركىيىلىكلەر «پىر چەككى» ① دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ناخشىچىنىڭ چاچ ساقاللىرى ۋە چىرايى ھىندىستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى تاگورنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. بۇ ناخشىچىنىڭ ئاۋازى ھەم مۇڭلۇق ھەم لەرزان بولۇپ، سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشقان تاماشىبىنلارنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ ئېيتقان بەزى خەلق ناخشىلىرىغا ئويۇن كۆرۈۋاتقان بارلىق تاماشىبىنلار جۆر بولۇپ ئورتاقلاشسا، بەزى ناخشىلىرىغا قىز - يىگىتلەر تەڭكەش قىلىپ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى. موماي - بوۋايلار، ئوماق بالىلار، قىز - يىگىتلەر ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ، قويۇق ساقاللىق مەڭىزلىرىگە سۆيەتتى، تەقدىم قىلىنىۋاتقان گۈلدەستىلەر - دىن تاغ ياسالغاندەك ئىدى. كېچىلەرنىڭ قولتۇقىدىكى مەشئەللەر دولقۇن ياساپ، ئاقسېپىل شەھىرىنىڭ كېچىسىنى يورۇتماقتا ئىدى. ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ كىشىنى ناخشىچى دېگەندىن كۆرە «سەنئەت ئىلاھى» دېگەن تۈزۈككەن، دەپ تەرىپلەشتى. دەرۋەقە، تۈرك خەلقى بۇ «سەنئەت ئىلاھى»غا چەكسىز چوقۇنىدىكەن. ئۇنى يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن قەدىرلەيدىكەن.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي كېڭەش ئەنقەرەدىكى تۆت كۈنلۈك ئىلمىي مۇھاكىمىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يىغىننىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى نۆۋەتتە قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئاناتولىيىدىكى ئىزلىرىنى بويلاپ، يىپەك يولى ئېكىسكۇرسىيىسىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىمىزنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئوتتۇرا ئاناتولىيىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى ھېسابلانغان ئاقسېپىل، كونيا، ئاق شەھەرلەرگە قاراپ ئاتلاندۇق.

## 2. كونيا مەدەنىيىتى

كونيا ئىستانبۇل، ئەنقەرە، ئىزمىر ۋە بۇرسادىن قالسا تۈركىيىدىكى 5 - چوڭ شەھەر بولۇپ، قەدىمدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاناتولىيىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى. شۇنداقلا سالجۇق خانلىقى ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرلىرىدىكى ئىسلام - تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن.

ئىسلام دۇنياسى كونيانى «2 - بەيتۇلمۇقەددەس» دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ جايدا تۈرك - ئىسلام مۇتەپەككۇرى، تەسەۋۋۇپ پىرى، مەغپىرەتلىك ۋەلىيۇللاھ ھەزرىتى مەۋلانە جالالىدىن رۇمى نامىدىكى بۈيۈك مەدرىس، ھەمدە ئۇنىڭ يېنىدىكى ھوجرىدا بۇنىڭدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جاھانشۇمۇل يادىكارلىقلىرى ساقلانغان. ھەزرىتى مەۋلانە مەقبەرىسى XIII ئەسىردە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ بىر گۈزەلچە ساقلانغان يۈكسەك نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. جامە ئىچىدە ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ ئالتۇن ھەللىك مەقبەرىسى ۋە مەۋلانىنىڭ ئۇستازى ھەزرىتى سەئىد بۇرھانىددىن، مەۋلانە ھېسامىددىن چەلەبىدىن تارتىپ، XVI ئەسىرگىچە كونيادا مەدرىسىدە ئۆتكەن بۈيۈك ئىسلام مۇتەپەككۇر -

① پىر چەككى — ئەپسانىلەردىكى ناخشا پىرى.

لىرىنىڭ مەقبەرىلىرى بار ئىدى. مەقبەرىنىڭ يان تەرىپى زالىغا مەۋلانە جالالىدىن رۇمى ئەۋرىدىكى XIII ئەسىر تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت قىممەتلىك يادىكارلىقلار قويۇلغان. شۇنداقلا دۇنيادا يېگانە دەپ قارىلىۋاتقان ئىككى پېرىيم كۋادرات سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى كۈمۈش بىلەن پۈتۈلگەن «قۇرئان كەرىم» (مىلادى 1767 - يىلى كونيا مەۋلانە مەدرىسىدە ئىشلەنگەن) بۇ يەردە ساقلانغان. بۈيۈك جامەنىڭ تۆت ئەتراپى مەدرىس (مەۋلانە مەكتىپى) بولۇپ، ئەينى زاماندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەسەۋۋۇپ ئىلمىدە شۆھرەت تاپقان ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ مەدرىسكە كېلىپ، مەۋلانىدىن دەرس ئالغان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغان. XIII — XIV ئەسىرلەردىكى ئىسلام تارىخىدا دۇنياۋى شۆھرەت تاپقان مەشھۇر تۈرك شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى يۇنۇس ئەمرە، شەرق ئالىمىدە ھازىرغىچە ياشاپ كېلىۋاتقان روھىي ئۆلمەس دانىشمەن نەسىرىددىن خوجا، بۈيۈك تۈرك شائىرلىرىدىن ھاجى بەكتاش ۋە ئاشىق پاشىيا قاتارلىق 500 گە يېقىن ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئالىملىرى ئىلگىرى - كېيىن بۇ مەدرىستە ئوقۇغان. بۇ تارىخىي يادىكارلىقلارنى ھەزرىتى مەۋلانە مەدرىسى ئۆز قوينىدا يوشۇرۇنچە ساقلاپ كەلگەن. شۇڭا كونيا دېمەك ھەزرىتى مەۋلانە دېمەكتۇر، ھەزرىتى مەۋلانە دېمەك كونيا دېمەكتۇر.

ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ ئىنسانلارغا قالدۇرغان مىراسلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 26 مىڭ بېيىتلىك «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرى (مەسنەۋى شېرىف)، يەتتە مىڭ بېيىتلىك «دىۋانى كەبىر»، «فىيھى مافىھ»، «مەجالىسى سەبئا» ۋە «مەكتۇبات» قاتارلىق ئەسەرلىرى جاھانغا مەشھۇردۇر. «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق ئەسەر ئىسلام دۇنياسىدا «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان مۇقەددەس كىتاب بولۇپ، «قۇرئاننىڭ پەھلەۋىچە» دەپ ئاتالغان. شۇڭا ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام مەدرىسلىرىدە يەتتە ئەسىردىن بۇيان ئالىي ئوقۇشلۇق كىتاب قىلىپ قوللىنىلغان. ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىدە ئۇستازى سەئىد بۇرھانىددىننىڭ: «يولۇڭدا كىم ئۇچرىسا، ئۇنى ئاللاھ يولىغا چاقىر» دېگەن ھېكمىتى تەشەببۇس قىلىنغان.

ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد جالالىدىن بولۇپ، ھىجرى 604 - يىلى (مىلادى 1207 - يىلى) خۇراساننىڭ بەلىخ شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنچە دادىسى مەۋلانە باھائىددىن ۋەلەدكە ئەگىشىپ ئىراق، سۈرىيە، مەككە ۋە مەدىنە قاتارلىق جايلاردا ھىجرەتلىك تۇرمۇشنى كەچۈرۈپ، ئاخىرىدا سالجۇق سۇلالىسىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان كونيا دىيارىنى ۋەتەن تۇتقان. شۇڭلاشقا ئۇ رۇمى تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. مەۋلانىنىڭ كونياغا كەلگەن يىللىرى تەخمىنەن مىلادى 1232 - يىللىرى بولسا كېرەك. ئۇ كونياغا كەلگەندىن كېيىن، مەۋلانە مەدرىسىنى ئېچىپ، تەرىقەتچىلەرنىڭ مەشھۇر پېشۋاسىغا ئايلانغان. ھىجرى 672 - يىلى (مىلادى 1273 — 1274 - يىللىرى) كونيادا ۋاپات بولغان ۋە كونيادىكى مەۋلانە مەدرىسىنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغان، ئۇنىڭ مەقبەرىسى ھازىرغىچە بۇ جايدا ساقلانماقتا.

مەۋلانىنىڭ نەسەبى ۋە تارىخىي شەجەرىسى ھەققىدە ئىككى تارىخىي ئەسەر ساقلانغان. ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ پۈتكۈل ئىككى چوڭ شەجەرىلىرىنىڭ مەنبەسى مۇقەددەس كىتاب — «قۇرئان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەردىم» ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەشەببۇسلىرىدۇر. شۇڭا ئۇ چاھانغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى (ۋەلىيۇللاھ) سۈپىتىدە تونۇلۇپ، كونىيا مەدرىسىدە تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ پىرى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ تۇپ پەلسەپىۋى قارىشى: «ئىنساننى سۆيمەك — ئاللاھنى سۆيمەكتۇر» دېگەندىن ئىبارەت. مەۋلانە گەرچە بۈيۈك بىر دىنىي تەسەۋۋۇپچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىنسانغا بولغان چەكسىز سۆيگۈ - مۇھەببەت بىلەن تولغان. ئۇ «ئىنسان بالىسى ئۈچ ئاناسىردىن تەركىب تاپقان: بىرىنچى، روھ؛ ئىككىنچى، ئەقىل - ئىدراك (بىلىك)، ئۈچىنچى، ئىشق - مۇھەببەت (تۇيغۇ، ھېسسىيات، شېئىر - مۇزىكا). بۇ ئۈچ ئاناسىر ئىنسان چۈشەنچىسى، پىكرى ۋە ئوي - خىيالىنى بىرلەشتۈرىدىغان ئالاھىدە سىستېمىدۇر». شۇڭا بۇ «سىستېمىغا ئىگە بولغان ئىنسان ئاللاھ ياراتقان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىكى ۋە مۇقەددىسىدۇر» دەپ قارالغان. ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاپ قىلىپ: «بىرلەشكىن، چۈنكى مەن دۇنيانى بۆلۈشكە كەلمىدىم، بەلكى بىرلەشتۈرۈشكە كەلدىم!» دېدۇ. مەۋلانە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىدە ئىنساننى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەشكە، ھەممە ئىنسانلارنى، ئۇنىڭ قانداق مەزھەپ، قانداق دىن، قانداق ئىرق ۋە قانداق مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىي مۇھەببەت رىشتىسىدە بىرلىشىشكە چاقىرىدۇ. «مەسنەۋى شېرىف» تە: «كەل، كەل! نېمە بولساڭمۇ كەل، كاپىر، بۇتپەرەس، ئاتەشى (زەردۇشت)، مەجۇسىي بولساڭمۇ كەل، يۈز كەررە تەۋبىنى بۇزغان بولساڭمۇ كەل... بۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىز (ئۆيىمىز)، ئۈمىد دەرگاھى...» دەپ چاقىرىق قىلىدۇ. ئەينى دەۋردە ھەزرىتى مەۋلانىنى يادرو قىلغان ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىرىنىڭ «پانىي دۇنيا بىۋاپا» دېگەن تۇپ ئىدىيىسى راتسىئونالىزملىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پەلسەپە روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئىنساننى ساداقەت، ئەقىل ۋە پاراسەت، ئىشق ۋە مۇھەببەتنى تەكىتلەشنى ئىلاھىي قۇدرەت سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. بۇ ئىدىيە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادى 940 — 1020 - يىللار) نىڭ جاھانغا تونۇلغان چوڭ ھەجىملىك داستانلار كوللىياتى — «شاھنامە» نىڭ تېماتىك غايىسى بىلەن پەلسەپىۋى ئورتاقلىققا ئىگە.

دەرۋەقە، ھەزرىتى مەۋلانە ئەقىل ۋە ئىدراكنى ھەممىدىن يۇكسەك ئورۇنغا قويىدۇ. ۋە ئۇنى ئىنسانلىق ئۆلچىمى قىلىدۇ. ھەزرىتى مەۋلانە ئۆزىمۇ ئەتراپلىق يېتىلگەن يېتۈك ئالىم بولۇپ، ياۋروپادىكى كوپېرنىك (1473 — 1543) ۋە گالىلى (1564 — 1642) دىن ئۈچ، تۆت ئەسىر ئىلگىرى: «بىزنىڭ دۇنيايىمىز ئالەم بوشلۇقىدا گويا تۇخۇمنىڭ سېرىقىدەك يۇمىلاقتۇر» دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە دۇنيانىڭ ھەم يۇمىلاقلىقىنى، يېگىدىن بايقالغان ئاتموسفېرانىڭمۇ تۇخۇمغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. نيۇتون (1642 — 1727) نىڭ ماگنىت كەشپىياتىدىن ئىلگىرىلا ھەزرىتى مەۋلانە: «ماگنىتلاشتۇرۇلغان بىر مەدەن ئۇچىقىغا بىر پارچە تۆمۈر پارچىسىنى قويساڭ، ھەر تەرەپتىن تارتىش نەتىجىسىدە، ئۇ مەدەن ئۇچىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئالبېرت ئېينشتېين (1878 — 1955) نىڭ ئاتوم نەزەرىيىسىگە باراۋەر، ھەزرىتى مەۋلانە يەنە: «ھەر قانداق پۈتۈنلۈك پارچىلىنىدۇ... يەر يۈزىدە ۋە كۆكتە تۇرغان ھەرقانداق شەيئى زەررە - زەررىدۇر ۋە ماگنىت كەبىدۇر» دەيدۇ. ھەزرىتى مەۋلانە يەنە ئۆز دەۋرىدە ھېچكىم بايقىمىغان ئىرسىيەت

ئانىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەشكە ھەۋەسپەيدا بولالىغان، بۇنى ئۇنىڭ مۇزىكا ھەققىدە ئېيتقان: «بىرىنچى ئاتىمىز ئادەمنىڭ جەننەتتىن قوغلانغان ئاشۇ چاغدىكى تۇيغۇلىرىنى، بىزدە ئۇنىڭ زەررىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھېس قىلالايمىز» دېگەن سۆزلىرىدىن كۆرەلەيمىز. شۇڭا ئىسلام دۇنياسى بۇ زاتنى «مەغپىرەتلىك ۋەلىيۇللاھ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ راتسىئونال ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرى كونيا مەدرىسىدە يەتتە ئەسىردىن بۇيان ئۈزچىل ھالدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ساما تۆرەنى» (ساما ئادىتى) دە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ساما مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىلھامى بىلەن پەيدا بولغان تۈرك مەدەنىيىتى، تارىخى، ئەقىدە ـ ئەنئەنچىلىرى، جۈملىدىن پۈتكۈل مەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ مەرھەمىتى ۋە ياراتقۇچىغا بولغان سۆيگۈ ـ دۇئاسى، مۇراجىئىتى، مەنىۋى ئىخلاسى ئەكس ئېتىلىدۇ.

ساما بىر خىل دىنىي ئۇسسۇل بولۇپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دولان ئۇسسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ مۇزىكا رىتىمى ۋە پۇت ھەرىكىتى دولان ئۇسسۇلى ۋە قەشقەردىكى ھېيتگاھ ساماسى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. ئەمما كونيا ساماسى بىر قەدەر مۇنتىزىملاشقان ۋە سىستېمىلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا توققۇز نەپەر ساماچى بېشىغا ئۇزۇن كولا، ئۈچىسىغا ئالەمنىڭ پاك ۋە كەڭلىكىنى ئىپادىلەيدىغان كەڭ ئېتەكلىك كېپىنەك تون كىيىپ، كەڭ غۇلاچ تاشلاپ، مۇناجاتلىق مۇزىكا رىتىمىغا تەڭكەش بولۇپ، مەيداندا چەمبەرسىمان ھالەتتە تىنىمسىز ئايلىنىدۇ. دېمەك، ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە ۋە جۈمە ئاخشىمى مەۋلانە جامەسى قورۇسىدا كېچىلىك ئاي يورۇقىدا ساما ئۇسسۇلى ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

كونيا ساماسى ئالتە بۆلەككە بۆلۈنگەن.

1 ـ بۆلۈم، مۇقەددىمە، يەنى «ھەمدۇ ـ سانا قىسمى».

2 ـ بۆلۈم، ئاللاھنىڭ كائىناتقا چۈشۈرگەن ئەمىر ـ مەرۇپى، يەنى مۇناجاتلىق ئۇسسۇل قىسمى.

3 ـ بۆلۈم، ئاللاھقا ۋە ئىنسانغا مەدھىيە، ئەقىل، ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە روھنىڭ بىرلىكى.

4 ـ بۆلۈم، سالام قىسمى، يەنى ئاللاھقا ئىبادەت سالىمى يوللاش قىسمى.

5 ـ بۆلۈم، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ساداقەت مەدھىيىسى. بۇ باسقۇچتا ساما ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ساماچىلار ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ، ھەر ئايلانغاندا ئىككى قولىنى مەھكەم يېشىپ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

6 ـ بۆلۈم، پىرقىرىيا قىسمى، بۇنىڭدا ساماچىلار بىر خىل رىتىمدا چەمبەر ھاسىل قىلىپ پىقىرايدۇ. بۇ ئارقىلىق «قايسى تەرەپكە قارىساڭ، ئاللاھ كۆرۈنىدۇ، ئاللاھ پۈتۈن ئالەمنى كۆرۈپ تۇرغۇچى نۇرلۇق چىراغ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەربىر بۆلۈم تۆت دۆۋە ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر دۆۋە ئۇسسۇلدىن كېيىن، سەھنە مەركىزىدە سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە تازىم سالىمى بەجا كەلتۈرۈلىدۇ.

ساما بولغاندا بىر تەرەپتە مۇزىكىچىلار ئولتۇرۇپ، كلاسسىك تۈرك سازلىرىدىن نەي، تەمبۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىسقال، كەمان، چاك، داپ، ناغرا، تەبىلۋاز قاتارلىقلارغا تەڭكەش قىلىپ مۇناجات ئوقۇيدۇ. كونيا ساماسى كۆپرەك بايات مۇقامى بىلەن، شابا مۇقامىغا تەڭكەش قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مەۋلانە جالالىددىن رۇمى، قول خوجا ئەھمەد يەسەۋى ۋە يۇنۇس ئەمرى قاتارلىقلارنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرى تېكىست قىلىنغان. بۇنىڭدا ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ نەزمىلىرى 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

كونيا ساماسى تەسەۋۋۇپچىلىق تەرغىپ قىلىنغان بىر خىل دىنىي ئادەت، لېكىن ئۇ مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق، ئوبرازلىق ئۆلمەس ئابىدىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ ساما، ماھىيەتتە، شەرقنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىككى مۇتەپەككۇر ئالىمى ۋە تەڭداشسىز ئىسلام پەيلاسوپى ھېسابلانغان جالالىددىن رۇمى بىلەن ئەھمەد يەسەۋىنىڭ روھىغا ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر. ساما ئادىتىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلۇشىنى پەلسەپە جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، ئۇ: دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر تۇپراقتىن ئۈنۈپ، يەنە تۇپراققا كۆمۈلىدۇ. ھايات مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئىنسان ئەقىل ۋە ئىدرىكى بىلەن جىمىكى مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان باھاسىز مەئبۇتتۇر؛ شۇڭا ئىنسان سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئۈچۈن يارالغان؛ ئىنساننىڭ قىممىتى ئەقىل ـ ئىدراك (ھايات)، ئىشق ـ مۇھەببەت (ھەرىكەت) ۋە روھىي قۇۋۋەت (ساما)دىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنى بىر يىپقا تىزىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ؛ ئاللاھنىڭ بىرلىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ۋە ساداقەت شەربىتىگە چۆمۈلدۈرگۈچى مۇقەددەس مۇھىتتۇر دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا كونيادا تارىخىي مىراس سۈپىتىدە ساقلانغان بۇ ئەنئەنىۋى ساما ئادىتى كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان دۇنيا ئالىملىرىنى ۋە پەيلاسوپلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. مەن يىپەك يولى كارۋانلىرى قاتارىدا، كونيا مەدرىسىدە بۇ ساما ئادىتىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ ئايەملىرىدە ئوينايدىغان «ھېيتگاھ ساماسى» ۋە قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىدا ئەۋج ئالغان ئىشان ـ سوپىلارنىڭ «خانىقا ساماسى»، شۇنداقلا ھۆكمەت ـ مۇناجاتلىرى بىلەن خىيالەن سېلىشتۇردۇم. نەتىجىدە ھەم ئوخشاشلىق ھەم پەرقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىمىزنىڭ سابىق سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئەۋج ئالغان تارىخىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى پەلسەپە سولچىللىقىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئىسلام پەلسەپىسىدىكى تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ دۇنياۋى پېشۋالىرى بولغان جالالىددىن رۇمى، ئەھمەد يەسەۋى ئۈستىدىن خاتا ھۆكۈم چىقارغانلىقىمىز، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، راتسىئونال ئىنسانپەرۋەرلىك (گۇمانىزم) ئېقىمىغا ئاساس سالغان تەسەۋۋۇپ ـ چىلىقنى، ئۇلارنى شەكلەن «سوفىزم تەرىقەتچىلىرى» دەپ ئاتىۋالغان ئىشان ـ دەرۋىشلەر بىلەن بىر قاتاردا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ياخشى پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكىمىز، ھازىرغىچە خانىقالاردا بولىدىغان ئاتالمىش دىنىي ئۇسۇل ۋە ھۆكمەت ـ مۇناجاتلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرغانلىقىمىز قاتارلىق مەسىلىلەرنى كونيا مەدرىسىدە ساما كۆرۈۋېتىپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققىچە ئويلاپ كەتتىم...

كونىيادىكى بىر سوتكىلىق تەسىرلىك زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ مېڭىپ، ھازىرغىچە ئەسلى ھالىتىنى ئەينەن ساقلاپ قالغان بىرقانچە كارۋان سارايلىرى ۋە تاش قەلئەلەرنى زىيارەت قىلدۇق. ھەم دۇنياغا مەشھۇر بولغان خوجا نەسىردىنىنىڭ يۇرتى — ئاق شەھىرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزدە مياگال ھەممىدىن بەكرەك تەسىر قالدۇرغىنى ئاق شەھىر بولدى.

## 3. ئاق شەھىر ۋە خوجا نەسىردىن

ئاق شەھىر ئاناتولى ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئەمىر تاغلىرى بىلەن سۇلتان تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ شەھەر سالجۇقلار دەۋرىدە، تۈرك - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنۇملۇك مەركىزى بولغان كونيا ۋىلايىتىگە قاراشلىق گۈزەل ۋە ئاۋات شەھەر ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئاق شەھىر گەرچە زامانىۋى تۈس ئالغان شەھەرگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئاق شەھىرنىڭ مەركىزىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خوجا نەسىردىنىنىڭ ئىشەككە مىنىپ تۇرغان مەرمەر ھەيكىلى بۇ شەھەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ ھەر يىلى ئون مىڭلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاق شەھىرنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە نامى خوجا نەسىردىن بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

خوجا نەسىردىن (نەسىردىن ئەپەندى) پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان دۇنياۋى فولكلور قەھرىمانى ۋە خەلق پەيلاسوپى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك نامى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم. نەسىردىن ئەپەندى نامى بىلەن ئاتىلىدىغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىك لەتىپە - چاقچاقلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئاناتولىيە يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىم ۋادىسى، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئەللىرى، بالقان يېرىم ئارىلى ھەمدە ئەرەب ئەللىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، نەسىردىن ئەپەندى قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان، مۇشۇ كەڭ زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تۆلمەس ئۇستازى ۋە سىرداش دوستى بولۇپ كەلدى.

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا، كىشىلەر: «ئەپەندى دېگەن مۇنداق ئادەم زادى ئۆتكەنمۇ - يوق؟» دەپ ئۇنىڭ تارىخىي شەخسىيىتىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. دەرۋەقە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا تۈرلۈك بەس - مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردى. «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ل. ۋ. سولوۋيوۋ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە: «خوجا نەسىردىن (ئەپەندى) بۇخارالىق بولۇپ، ئۇ شۆھرەتلىك شىر مۇھەممەد ئىسىملىك كوزىچىنىڭ بېقىۋالغان بالىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا بارغان... شۇڭا دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭلىرىدا سەككىز جايدا ئۇنىڭ قەبرىسى پەيدا بولغان، لېكىن ھېچكىم شۇ قەبرىلەرنىڭ قايسى بىرىنىڭ نەسىردىنىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى

ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەسىردىنىڭ قەبرىسى يوقتۇر. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەل ئىچىدە ناھايىتى يوشۇرۇن ياشىغان. ئۇنىڭ قەيەردە، قاچان، قانداق ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق...»① دەيدۇ. ئاتاقلىق شەرقشۇناس، ئىپارس ۋە تاجىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى بوراگىنسكىي: «بىزمۇ بۇ ئوبرازنىڭ پەيدا بولۇشىنى چوقۇم مۇشۇ رايوننىڭ دائىرىسىدە دەپ چەكلەپ قويالمايمىز. بۇ ئوبراز ئوخشاش تارىخىي شارائىتتا، تۈرلۈك جايلاردا — ئەرەبلەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە ئوخشاش پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن... يەنە بۇ ئوبراز ئەرەبلەر ۋە تۈركىيىلىكلەر، ئىرانلىقلار ۋە زاكاۋكازىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئالبانىيىلىكلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بالقاندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا راۋاجلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوبراز تۈرلۈك دەۋرلەردە، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن جانلاندۇرۇلۇپ كۆرسىتىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا خوجا نەسىردىن (ياكى نەسىردىن ئەپەندى، ئەپەندى، موللا نەسىردىن) دەپ ئاتالدى...»② دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، ھازىرغىچە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى تارقالغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ياشىغان بىر دانىشمەن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوخشىمىغان رىۋايەتلەرنى قىلىشىدۇ. بىزمۇ ھازىرغىچە نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزىلىرىمىزدە ۋە خەلق ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىمىزدە، نەسىردىن ئەپەندى «تارىخىي شەخس بولماستىن، بەلكى دۇنيا فولكلورىدا يارىتىلغان ئۆلمەس غايىۋى ئوبراز ئىكەنلىكىنى، مۇبادا نەسىردىن ئەپەندى ئىسىملىك مۇشۇنداق بىر شەخسنىڭ دۇنيادا ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ھەرگىز ھازىرقى «نەسىردىن ئەپەندى»گە تېگىشلىك ئەمەسلىكىنى...» تەكىتلەپ ئۆتكەنىدۇق. دەرۋەقە، ئومۇملۇق جەھەتتىن مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملارنىڭ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك قاراشلىرىنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ دۇنيا فولكلورىدىكى بىر غايىۋى بەدىئىي ئوبراز ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر پاكىتقا ئايلاندى. لېكىن مۇشۇنداق بىر بۈيۈك خەلق دانىشمىنى ۋە پەيلاسوپىنىڭ تارىخىي بىئوگرافىيىسىنى پاكىتقا ھۆرمەت قىلغان ھالدا ئېنىقلاپ چىقىش مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ تەقەززاسى. بۇ قېتىم ئاق شەھىرىدە ئېلىپ بارغان ئىككى كۈنلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدە بىر قەدەر ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. ئاق شەھىرىنى ئوراپ تۇرغان سۇلتان تېغىنىڭ باغرىدىكى گۈزەل باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خوجا نەسىردىنىڭ مەرمەردىن ياسالغان بۈيۈك مەقبەرىسى بار. بۇ مەقبەرە ئىچكى ۋە تاشقى قىسىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تاشقى بۆلىكى ئالتە دانە مەرمەر تۈۋرۈك بىلەن قوپۇرۇلغان

① ل. ۋ. سولوۋيېۋ: «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە»، تاشكەنت، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1959 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 674 -، 675 - بەتلەر.

② گ. باۋچۈەن: «ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى توغرىسىدا» — «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1963 - يىل، 1 - سان.

ئۈستى قەدىمكى تۈرك چېدىر ئۆيى شەكلىدە قاڭالتىر بىلەن ئەگمە قىلىنغان ئەتراپى



1 – رەسىم. خوجا نەسىردىن مەقبەرىسىنىڭ ئەسلى شەكلى



2 – رەسىم. خوجا نەسىردىن مەقبەرىسىنىڭ كېيىنكى نۇسخىسى

ئوچۇق شىپاڭدىن ئىبارەت. ئىچكى تەرىپى تۆت مەرمەر تۈۋرۈكلۈك گۈمبەز بولۇپ، ئۈچ تەرىپى ئوچۇق، شىمال تەرىپىگە تۆمۈر رىشاتكىلىق ئىشىك قويۇلغان. ئوتتۇرىسىدا مەرمەردىن ياسالغان قەبرە قوپۇرۇلغان بولۇپ، قەبرىنىڭ قىبلە تەرىپىگە 40 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە مەرمەردىن يۈگمەچ شەكلىدە كىچىك تۈۋرۈك ئورنىتىلىپ، ئۈستىگە ئاق مەرمەردىن ياسالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيۋەتلىك سەللە كىيگۈزۈلگەن. قەبرىنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەرىپىگە ئىككى خاتىرە تېشى تىكلەنگەن. قەبرە بېشىدىكى ئەگمە ئويۇقچا ئىچىگە ئەرەبچە ھەرپ بىلەن مۇنداق دەپ يېزىلغان:

هذه التربة المرحوم
المغفور الى عبده
الغفور نصرالدين
افندى روحنه
فاتحه سنه ٣٨٦

(مەنىسى: بۇ قەبرە — ياراتقۇچى رەببىمگە مۇھتاج مەرھۇم نەسىرىددىننىڭ قەبرىسىدۇر. روھىغا فاتىھە، ھىجرى 683)

بۇ يېزىق خاتىرىسى ئارقىلىق خوجا نەسىرىددىن نامىدىكى بۇ قەبرىنىڭ مىلادى 1284 — 1285 - يىللار تىكلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. لېكىن كىم تەرىپىدىن ياسالغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. مەقبەرە يېنىغا تىكلەنگەن خاتىرە تاشقا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى «خوجا نەسىرىددىن مەدرىسى»نىڭ خاتىرە كىتابلىرىغا ئاشۇ زامانلاردىن باشلاپ، بۇ مەقبەرىنى كۆپلىگەن زىيارەتچىلەر تاۋاپ قىلغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر يېزىلغان. ئوسمانىيە سۇلتانلىقىنىڭ مەشھۇر سۇلتانلىرىدىن يىلدىرىم بايەزىد مىلادى 1389 - يىلى ئاق شەھىرگە كېلىپ ئوردا قۇرغان. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن مەھمۇد ئىسىملىك بىرسى 1393 - يىلى خوجا نەسىرىددىن مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ يازغان تۆۋەندىكى خاتىرە ھازىرغىچە ساقلانغان:

بوكون قدرت وار ايكن ايله احسان
احسان ايلرسك اولمزسيك پشمان
الحفظ باقي والعمر فاني
والعبد عاصي والرب وافي
كتبه الحقير
محمد عن جماعت سپاه حضرة يلدريم بايزيد
بو تاريخده واقع سنة ٧٩٦

(مەنىسى: بۈگۈن قۇدرەتلىك ۋە مەمۇرچىلىق ئىكەن، مۇھتاجلارغا ياردەم قىل؛ بۇ قۇدرىتىڭ قولۇڭدىن كېتىپ قالغان زامان پۇشايمان يەپ قالما؛ yazi① باقىي، تۆمۈر پانىيدۇر، قۇل ئاسىي (گۇناھكار)غا تەڭرى شەپقەتچىدۇر، بۇنى يىلدىرىم بايازىد ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن پەقىر مۇھەممەد، ھىجرى 796 - يىلىدا يازدى).

ھازىرغىچە ساقلانغان بۇ خاتىرە تاشلاردىن خوجا نەسىرىددىن قەبرىسىنىڭ XIV ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدىن بۇرۇن ياسالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما ھازىر ئاق شەھىرىدىكى «خوجا نەسىرىددىن مەقبەرىسى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ قەبرە سەلتەنەتلىك ئوسمانىيە سۇلتانلىقىغا شەرەپ بەرگەن، ئىسلامىيەتنىڭ پارلاقلىقىنى ئاشۇرغان بۈيۈك سۇلتان غازى II ئابدۇلھەمىدخان زامانىدا، كونيا ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى فايىق بەگ تەرىپىدىن ھىجرى 1323 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 12 - كۈنى (مىلادى 1905 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى) قايتا ياسالغان. ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بۇ مەقبەرىنىڭ بۈيۈك تۈرك پەيلاسوپى، خەلق دانىشمەنى، ئەڭ چېۋەر سۆز سەنئەتكارى ۋە دۇنيا يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ئەلچىسى سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ تارىخىي شەخسىيىتىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان

① yazi — كەچمىش - كەچۈرمىش

يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن تاشقىرى، ئاق شەھەردىكى «نەسرىددىن ئەپەندى مۇزېيى»دا كۆپلىگەن ماددىي بۇيۇملار ۋە خاتىرە كىتابلار ساقلانغان. مەسىلەن:

خوجا نەسرىددىننىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئەڭ بۇرۇن ئوسمانىيە دەۋرىدىكى جەم سۇلتانىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مىلادى 1480-يىللىرى ئەبۇلغازى رۇمى تەرىپىدىن يېزىلغان «سالتۇقنامە» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە XIII ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر تۈرك ئالىمى سارى سالتۇق بىلەن خوجا نەسرىددىننىڭ ئۇچراشقانلىقى ۋە ھەمسۆھبەت بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئارخېئېكتورلۇق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خوجا نەسرىددىن مەقبەرىسىنىڭ مىمارچىلىق ئۇسلۇبى ۋە شەكلى XIII — XIV ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارىلىپ، ئىزنىك دېگەن جايدىكى سارى سالتۇق، ترابزون ھەمزەبەگ (مىلادى 1394 — 1421)، ئاق شەھەردە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم شەيخ ئەييۇپ (مىلادى 1358-يىللار)، خوجا نەسرىددىننىڭ ئۇستازى، مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شائىر ۋە ئالىم سەئىد مەھمۇد ھەيرانى قاتارلىقلارنىڭ مەقبەرىلىرىنىڭ ئۇسلۇب ۋە شەكلى بىلەن زامانداشلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ماددىي پاكىت سۈپىتىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن خوجا نەسرىددىننىڭ قەبرە تېشى ۋە مەقبەرە ئىچىدىكى خاتىرە كىتابلىرىغا ئاساسلىنىپ، تۈركىيىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈش-ئېنىقلاشلار ئارقىلىق 1945-يىلى نەشر قىلىنغان كونيالىق ئىبراھىم خاككىنىڭ «ئاق شەھەر تارىخى» ناملىق نوپۇزلۇق ئەسەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خوجا نەسرىددىننىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز.

خوجا نەسرىددىن (نەسرىددىن ئەپەندى) مىلادى 1208-يىللىرى ئاق شەھەردىكى سەرۋىھىسار قەلئەسىنىڭ خورتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. دادىسى ئابدۇللا ئەپەندى شۇ دەۋرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن بولۇپ، خوجا نەسرىددىن باشلانغۇچ ساۋادىنى دادىسىدىن ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سەرۋىھىسار مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئانىسىنىڭ ئىسمى سىدىقا خانىمدۇر. ئۇ سەرۋىھىسار مەدرىسىنى پۈتتۈرگەن مەزگىللەردە دادىسى ئابدۇللا ئەپەندى قازا تاپىدۇ. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، يۇرتى خورتۇدا يۇرت ئىمامى بولىدۇ. كېيىنچە ئىماملىقنى مەھمۇد ئاتلىق بىر خوجىغا ھاۋالە قىلىپ، ئۆزى شۇ دەۋردە ئاناتولىيىنىڭ ئىلىم ئوچىقى ھېسابلانغان كونياغا بېرىپ، مەۋلانە مەدرىسىدە مەشھۇر ئالىم سەئىد مەھمۇد ھەيرانىدىن دەرس ئاڭلايدۇ. كونيادىكى مەۋلانە مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئاتىكە ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پاتىمە ئىسىملىك بىر قىزغا ئاتا بولىدۇ. 1226-يىلى بۇ قىز كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ، سەرۋىھىسار مازارلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. قەبرە تېشىغا مەرھۇمە پاتىمەنىڭ شۇبات ئېيىدا (8-ئايدا) ۋاپات بولغانلىقى پۈتۈلگەن بولۇپ، بۇ خاتىرە تاش ئاق شەھەر مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇ كېيىن يەنە بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ پاتىمە قويغانلىقى مەلۇم. 1237-يىلى باھار پەسلىدە ئۇستازى سەئىد مەھمۇد ھەيرانىنىڭ تەكلىپى ۋە تەشەببۇسى بىلەن خوجا نەسرىددىن ئايالى ۋە قىزىنى ئېلىپ، يۇرتى سەرۋىھىساردىن ئاق شەھەرگە كېلىدۇ ۋە ئاق شەھەر جامەسىنىڭ مۇدەررىسى بولىدۇ.

خوجا نەسرىددىن ئاق شەھەردە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، يەنە بىر خوتۇنلۇق بولغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلۇم. ئۇ بۇ خوتۇندىن يەنە بىر قىز پەرزەنت كۆرىدۇ ۋە ئىسمىنى دۇررى مەلىكە قويىدۇ. خوجا نەسىرىددىن ھەر ئىككى ئايالى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن. ئۇ ئەزەلدىن مال دۇنياغا ھېرىسمەن ئەمەس ئىدى، يوقسۇللار قاتارىدا ھاياتى كەچۈرسىمۇ، تۇرمۇشى شاد - خۇرام ئىدى. ئۇ ئاق شەھەرگە كەلگەندە، شۇ زامانىنىڭ ئاق شەھەر بېگى سەئىد ئىبراھىم سۇلتان مەدرىسە قىلغان ئۆيدە ياشىغانىدى. ئۆي سەرەمجانلىرىنى ۋە روزغارلىرىنى ئۇستازى سەئىد مەھمۇد ھەيرانى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇ دەۋردە، ئاق شەھەر كونيادىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. كىر شەھەرنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى ئالىم ۋە شائىر ھاجى بەكتاش (مىلادى 1210 — 1261 - يىللار) نىڭ تەۋسىيىسى بىلەن سەئىد مەھمۇد ھەيرانى كونيادىن ئاق شەھەرگە كېلىپ مەدرىس ئاچقانىدى. خوجا نەسىرىددىن ئاق شەھەر مەدرىسىدە داۋاملىق ھالدا سەئىد مەھمۇد ھەيرانى ۋە مەشھۇر تۈرك شائىرى ئاشىق پاشانىڭ ئەقراباسى (كۆكۆلدىپشى) بابا ئىلياستىن تەلىم ئېلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن دانىشمەن ۋە ھازىر جاۋاب سۆز سەنئەتكارلىرى بولۇپ يېتىشىدۇ.

ئۇنىڭ ئائىلە شەجەرىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەنبەلەردە يەنە ئۇنىڭ چوڭ ئايالى پاتىمەدىن تۇغۇلغان جالالىدىن ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانلىقى مەلۇم. بۇ ئوغلىدىن خىزىربەگ ئىسىملىك بىر نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ ھەم شائىر، ھەم ئالىم ئىدى. خىزىربەگنىڭ ئوغۇللىرى كېيىنچە سەرۋىھىسار، ئاق شەھەر ۋە ئەتراپتىكى يۇرتلاردا ئىمام بولغان. خىزىربەگ 1459 - يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، قەبرە تېشى ئاق شەھەر مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئىستانبۇل ئەدىرنە تارىخ مۇزېيىدا نەسرىددىن خوجا ئەۋلادلىرىدىن قاسىم ئەپەندى ناملىق بىر كىشىنىڭ قەبرە تېشى بار بولۇپ، بۇ قەبرە تاشقا 1793 - يىلى ئۆلگەنلىكى پۈتۈلگەن. شۇنداقلا قاسىم ئەپەندىنىڭ قىزلىرى پاتىمە ۋە زۆھرەنىڭ قەبرە تېشىمۇ بار بولۇپ، بۇ تاشقا 1794 - يىلى تارىخى پۈتۈلگەن.

خوجا نەسىرىددىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن ياۋلاك ئارلان ئوغلى شەيخ نەسرىددىن كونيادا ياشىغان مەشھۇر ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن نەسرىددىن مەھمۇد ھىندىستاندا دېھلىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان. 2 - ئوغلى نەسرىددىن ئىبنى تۇسى ھىلاكۇ خاننىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولغان. شۇ دەۋرلەردە ئاق شەھەردە جامە ۋە مەسچىتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، گۇدۇك مۇنارى مەسچىتى، فەرروخ شاھ مەسچىتى ئالتۇن قېلەم مەسچىتى قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاناتولىيە بويىچە مەشھۇر مەسچىتلەر ئىدى. خوجا نەسرىددىن بۇ مەسچىتلەرنى داۋاملىق ئارىلاپ يۈرۈشتىن تاشقىرى، دەرس ئېلىش ئۈچۈن كونياغا كۆپ قېتىم بارغان. كونيا بىلەن ئاق شەھەر ئارىسىدا دەسلەپكى چاغلاردا بىرەر راباتمۇ (قونالغۇ ساراي) يوق ئىدى. 1249 - يىلى كونيا بىلەن ئاق شەھەر ئوتتۇرىسىغا سالجۇق خانلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرىدىن سۇلتان خالى ھەزرىتىم تەرىپىدىن مەشھۇر بىر ساراي قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا «كارۋان ساراي» دەپ نام بېرىلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «كارۋان ساراي» يىپەك يولى كارۋانلىرىنىڭ ئۇچرىشىش مەركىزى بولۇپ قالغان. خوجا نەسىرىددىنمۇ بۇ كارۋان سارىيىدا تالاي قېتىم قونغان. خوجا نەسرىددىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلق ئارىسىدا ياشاپ، خەلقنىڭ سىرداش دوستى بولغان. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا ھەر ئاخشىمى «قۇرئان كەرىم» ۋە «تەپسىر» ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن باشقا

«ۋەدەدە قورقۇت مەسەللىرى»، «كەلىلە ۋە دەمنە»، «ياتتالنامە» (ھىندى مەسەللىرى)، «مەرزىپەتنامە» (ۋەلىد)، «سىياسەتنامە» (نىزامىي مۈلك)، «بوستان ۋە گۇلىستان» (شەيخ سەئدى) قاتارلىق كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغانلىقى مەلۇم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەينى زاماندا تۈرك ئالىمىنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تەڭدىشى يوق خەلق مۇتەپەككۇرى ۋە ھازىر جاۋاب سۆز سەنئەتكارىغا ئايلانغان. مەۋلانە جالالىددىن رومى (1207 — 1273 - يىللىرى كونيادا ياشىغان)، ھاجى بەكتاش ۋەلى (1210 — 1261 - يىللىرى كىر شەھىرىدە ياشىغان)، يۇنۇس ئەمرى (1240 — 1334 - يىللىرى ئەسكى شەھەردە ياشىغان)، ئاشىق پاشا (1373 — 1432 - يىللىرى ئاق شەھەردە ياشىغان) ۋە ئەھمەد يەسەۋى (1166 — ؟ يىللىرى يەسەۋى شەھىرىدە ياشىغان) قاتارلىق بۈيۈك ئىسلام ئالىملىرى ۋە شائىرلىرى قاتارىدا جاھانشۇمۇل شۆھرەت قازانغان.

خوجا نەسىرىددىننىڭ خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن سانسىزلىغان لەتىپە ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن باشقا يەنە شېئىر، دىۋانلىرى ۋە باشقا يازما ئەسەرلىرىنىڭ بولغانلىقىمۇ مەلۇم. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، موغۇل ھۆكۈمدارى ئەمىر تۆمۈر مىلادى 1400 - يىلدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاناتولىيىگە بېسىپ كىرگەن. 1402 - يىلى ئەنقەرە تۆپىلىكىدە ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ 4 - سۇلتانى يىلدىرىم بايەزىدخاننى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، كونيا ۋە ئاق شەھەردە قارارگاھ قۇرۇپ يەتتە - سەككىز يىل تۇرغان. بۇ يىللاردا ئاق شەھەر خېلى زور دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا بۇ جايدىكى كىتابلار ۋە يادىكارلىقلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. شۇ قاتاردا خوجا نەسىرىددىننىڭ شېئىر دىۋانلىرى ۋە يازما ئەسەرلىرىنىڭ يوقالغانلىقى مەلۇم.

خوجا نەسىرىددىن ھىجرى 683 - يىلى (مىلادى 1284 — 1285 - يىلى) ئاق شەھەردە ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇستازى سەئىد مەھمۇد ھەيرانى مەقبەرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. بۇ يەر «خوجا نەسىرىددىن مازىرى» دېيىلىپ، خوجا نەسىرىددىننىڭ ئايىلى ئاتىكە خانىم ۋە قىزى پاتىمە ئاشۇ مازارلىققا دەپنە قىلىنغان. تارىختا مەۋلانە جالالىددىن رومى كونيا شەھىرى نامى بىلەن، يۇنۇس ئەمرى ئەسكى شەھەر نامى بىلەن، ھاجى بەكتاش كىر شەھىرى نامى بىلەن مەشھۇر بولغىنىدەك، خوجا نەسىرىددىنمۇ ئاق شەھەر نامى بىلەن، ئاق شەھەر خوجا نەسىرىددىن نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ھازىر ئاق شەھەردىكى «خوجا نەسىرىددىن مۇزېيى»، ئەنقەرە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى ۋە ئىستانبۇل ئەدىرنە تارىخىي مۇزېيى قاتارلىق جايلاردا، شۇنداقلا بەزى چەت ئەل مۇزېيلىرىدا نەسىرىددىن ئەپەندى ھەققىدە 500 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر بولغانلىرى:

1. ئافيۇن گەدىك ئەھمەد پاشا كىتابلىرى: №: 18315 نەسىرىددىن خوجا ھېكايىلىرى (سەئىد بۇرھانىددىن مەۋلانە جالالىددىن، 1890 - يىل)، 30 ياپراق.

2. ئاناتولىيە دۆلەتلىك خەلق كۇتۇپخانىسى 3032 :№ خوجا نەسىرىددىن لەتىپىلىرى، 1876 - يىل، 78 ياپراق.

3. تىل، تارىخ، جۇغراپىيە فاكۇلتېتى ئىسمائىل سەنجەر كىتابخانىسى، ئەنقەرە: ھېكايىتى نەسىرىددىن، 1777 - يىل، 142 ياپراق.

4. كونيا — ئاق شەھەر كۇتۇپخانىسى، 635 :№ خوجا نەسىرىددىن لەتىپىلىرى،

www.uyghurkitap.com

ئىستانبۇل ئەمەنىيەت مەتبەسى، 1839 ـ يىلى، 93 ياپراق.

5. ئەنقەرە ــ ھاجى تۆپە داشۆسى، تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئارخىپى: ھازا تەرجىمەئى نەسىردىن ئەپەندى رەھىمى، 50 ياپراق، 134 لەتىپە بار (ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى ئەنگلىيە ئوكسفورد كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا)، يىلى نامەلۇم.

چەت ئەللەردە ساقلانغانلىرى ئىدى:

1. ئۆزبېكىستانلىق پروفېسسور، دوكتور ھادى زەرىف كىتابخانىسى، لەتىپىياتى خوجا نەسىردىن، 1863 ـ يىلى (بۇ ئەسەر رۇسچىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىنغان).

2. ئاۋستىرىيە ۋېنا مىللىي كۇتۇپخانىسى: ‹1› نەسىردىن خوجا، 45 ياپراق، №:450.

‹2› تەنبىھت ئەل مەجالىسى، 31 ياپراق، №:407.

3. گېرمانىيە بېرلىن دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا:

‹1› كىتابى نەسىرىددىن خوجا، 25 ياپراق، №:A·8·121.

(2) خوجا نەسىردىننىڭ نەسىھەتلىرى، №:25 (275 ماقال ـ تەمسىل ۋە خوجا نەسىردىننىڭ نەسىھەتلىرى كىرگۈزۈلگەن)

4. گوللاندىيىدە:

(1) گرونىن داشۆسى كۇتۇپخانىسى، 12 ـ 488:№ 1677 ـ يىلى، 79 ياپراق، 76 لەتىپە كىرگۈزۈلگەن.

‹2› لەيدىندىن داشۆسى كۇتۇپخانىسى، №:1132. گوللاندىيىنىڭ بۈيۈك ئەلچىسى لاۋىنۇس مارنېر 1665 ـ يىلى ئىستانبولدىن سېتىپ ئالغان «نەسىردىن خوجا ھەزرەتلىرى» دېگەن بۇ كىتابتا 54 لەتىپە بار.

5. فرانسىيە پارىژ كۇتۇپخانىسىدا:

(1) مەجمۇئەئى رىسالە، 1772 ـ يىل، 230 ياپراق، مىكرو فىلىم №:4925، MFA(A)

(2) 4925 ـ نومۇرلۇق مەجمۇئەئى رىسالە، 44 ياپراق، مىكرو فىلىم، №:4924

(3) 1394 ـ نومۇرلۇق مەجمۇئەئى رىسالە، 43 ياپراق، مىكرو فىلىم №:4923

(4) 1396 ـ نومۇرلۇق مەجمۇئەئى رىسالە، 48 ياپراق، مىكرو فىلىم №:4922

(5) كىتابى نەسىردىن خوجا، №:1395، 1793 ـ يىل، 48 ياپراق، مىكرو فىلىم، MFA. №:4928

(6) كىتابى خوجا نەسىردىن №:423، 1676 ـ يىل، 35 ياپراق، 112 لەتىپە بار، مىكرو فىلىم، MFA. №:3931

(ئىزاھ: بۇ كىتابنى مەھمۇد ئىسىملىك كىشى يازغان بولۇپ، ئۇنى يىللىرى بۇ كىشى ئاق شەھىرگە كېلىپ خوجا نەسىردىننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغان. شۇ زامان قەبرە يېنىدا بىر ئۇستاز پەيدا بولۇپ، ئۇ كىشىگە «ساڭا خوجا نەسىردىن ھەزرەتلىرىنىڭ لەتىپىلىرىنى توپلاپ بىر كىتاب تۈزۈشۈڭگە ئىجازەت بېرىمەن دەپ دۇئا ئەيلەپ كۆزدىن غايىب بولغان.)

(7) لەتىپەئى نەسىردىن خوجا، №:395، XVII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى، 319 ياپراق.

(8) لەتىپەئى نەسىردىن خوجا، XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 92 ياپراق، مىكرو فىلىم، №:3930

6. بىرىتانىيە ئوكسفورد (OXFORD) كۇتۇپخانىسىدا:

(1) نەسىردىن خوجىنىڭ بەزى لەتىپىلىرى، №:672، 60 ياپراق.

(2) ھېكايىتى كىتابى نەسىردىن، №:125 1571 - يىل، ھۈسەيىن يازغان، 31 ياپراق، 43 لەتىپە.

(3) ھېكايىتى نەسىردىن خوجا، №:178، 50 ياپراق، (بۇ كىتاب 1635 - يىلى A. لوۋارد ئىسىملىك بىر كىشىگە ھەدىيە قىلىنغان).

(4) ھېكايىتى نەسىردىن خوجا، №:M.42، 53 ياپراق. (يۈسۈپ خوجا ئىسىملىك بىر كىشى يازغان بولۇپ، 1752 - يىلى G. مۇئاد ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن بۇ كۇتۇپخانىغا تەقدىم قىلىنغان).

(5) ھېكايىتى خوجا نەسىردىن، №:3483 1810 - يىلى، 88 ياپراق، 61 لەتىپە.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئوسمانىيە سۇلتانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئوردا شائىرلىرىدىن يۈسۈپ (1642 — 1712) ھەج سەپىرىدە كۆرگەنلىرىنى خاتىرىلەپ يازغان «تۆھپەتۇل ھەرەميان» ناملىق ئەسىرىدە تۆۋەندىكىدەك خاتىرە ئۇچرايدۇ:

«نەسىردىن خوجا ئاقشەھەردە كافكاھا قەلئەسىنى قۇرمىشتۇر. خوجا قەبرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، كۆڭلىمىز پىراق بىلەن تولدى... ئاقشەھەر جەننەت كەبى بىر تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان گۈزەل شەھەردۇر...»

خۇلاسە شۇكى، يەتتە ئەسىردىن بۇيان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نامى ئۆچمەي كېلىۋاتقان ھەمدە بۈگۈنكى زامانىمىزدىمۇ خەلقنىڭ قەلب ئىستەكلىرىنى نامايەن قىلىپ، دەۋرنىڭ جاھاننامە ئەينىكى بولۇپ قالغان «ئەپەندى» ناملىق بۇ غايىۋى ئوبراز ئەسلىدە تۈركىيىنىڭ ئاقشەھەر دېگەن يېرىدە ياشاپ ئۆتكەن تارىخىي رېئال شەخستۇر. ھازىرغىچە نامەلۇم بولغان بۇ زاتنىڭ تارىخىي شەجەرىسى ھەققىدە ئاناتولىيىدە ئېلىپ بارغان بۇ قېتىمقى زىيارىتىم ئارقىلىق ئېرىشكەن يىپ ئۇچلىرىدىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلىمەن ھەمدە ئۇنى بۇ قېتىمقى تۈركىيىگە قىلغان سەپىرىمنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلايمەن. تۈركىيىنىڭ ئىلىم ساھەسى تارىخىي مىراسلار ۋە يادىكارلىقلارنى قېزىش، توپلاش، ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا ھەقىقەتەن ئېتىبار بەرگەن. ئىستانبۇلدىكى ئونلىغان مۇزېي ۋە تارىخىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى، ئەنقەرەدىكى دۆلەتلىك مىللىي كۇتۇپخانا ۋە ئاتاتۈرك تارىخىي مۇزېيى، كونيا، ئاقشەھەر، بۇرسا، ئىزمىر، ئادانا، ئەسكىشەھەر قاتارلىق ھەرقايسى ۋىلايەت - شەھەرلەردىكى نەچچە ئونلىغان مۇزېيلار ۋە ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان ئاجايىپ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. ئۇلارنى يەنىمۇ تەپسىلىيلەشتۈرۈشكە خاتىرىمىزنىڭ سەھىپىسى ئازلىق قىلىدۇ.

بۇ خاتىرەمنى تۈركىيىدە چىقىدىغان نوپۇزلۇق بىر ژۇرنالنىڭ كۆرۈنەرلىك سەھىپىسىگە سەرلەۋھە قىلىنغان مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

«دۇنيادا ئىككى يول بار، بىرى يىپەك يولى، يەنە بىرى ساما يولىدۇر.»

# ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەي ـــ ئادەتتىكى مەئىشەت ۋاسىتىسى بولماستىن، مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى يىراق ئۆتمۈشتىن بىرى پۈتۈن ۋە ئىزچىل داۋاملاشقان مەي مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ كەلدى.

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مەي مەدەنىيىتى ئەينى زامان تەسۋىرىي سەنئەت ئۇچۇرلىرى بىلەن بايان قىلىندۇ.

«ئۇلار مەركىزىي ئاسىيادا ئەڭ ئۆتكۈر
ئۈزۈم مېيىنى ئەڭ كۆپ ساتىدىغان ئاھالە ئىدى.»
— پروكوپىي

## 1

مەي ـــ ئىنسانىيەت يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىختىرا قىلىنغان ئىچىملىك. مەي، ئېھتىمال، سۈت ۋە ئالمىنىڭ ئېچىشى ئىلھامى بىلەن، تېرىنى ئېچىتقان تالقاندا ئەيلەشنى ئۆزلەشتۈرگەن زامانلاردا ئىختىرا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

مەي ئىشلەشنىڭ ئادەتتىكى ئېچىتما سۈيىدىن تەييارلىنىشى بىلەن مەينى پارلاندۇرۇش تېخنىكىسى ئارىلىقىدا ئۇزاق زامان ئۆتكەن. مەينى پارلاندۇرۇپ تەييارلاش ماھارىتى ھەممە خەلقلەردە بىرلا ۋاقىتتا ئىختىرا قىلىنغان ئەمەس.

ھازىرقى زامان ئامپېلوگرافلىرى (مەيشۇناسلىرى) نىڭ بىردەك پىكرىچە، مەركىزىي ئاسىيا ئەڭ دەسلەپكى مەي ماكانلىرىدىن بولغان.

مەي ھازىرقى زامان كىشىلىرىگىمۇ سېھىرلىك تۇيۇلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسان ئۈچۈن مىسلىسىز سېھىرلىك ـــ ساماۋى مۆجىزات ھېسابلانغان. بۇ نوقۇل مەست قىلغۇچ ئىسپىرتلىق ئىچىملىك قىممىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەتىۋارلانغان. ئۇ دىنىي ئېتىقاد، ئىلاھىيەتچان روھىيەت، ئېتنىك قائىدە ـ يوسۇن، ئۆلۈم ۋە روھنىڭ ئۆلمەسلىكى، تىبابەتچىلىك، مەشرەپ ـ بايرام،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېرىقچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنلىك، سودا ـ تىجارەت، كارۋان ـ ئۆتەڭكەشلىك، جەڭ ۋە دوستانە مۇناسىۋەت قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش بىلەن باغلانغان رەڭگارەڭ ئېتنىك فولكلور چىمەنلىكىنى ھاسىل قىلغان.

مەركىزىي ئاسىيادا مەي پائالىيىتىگە ئائىت ئەڭ قەدىمكى يازما مەلۇمات گرېك تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدىكى ماساگېتلار (ئۇلۇغ ساكلار) نىڭ گۈلخان ـ مەي بەزمىلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۇچۇر قىلىشىچە، ماساگېتلار گۈلخان يېقىپ، چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، گۈلخانغا مېۋىلەر تاشلىشىپ، ئۇنىڭ دۇتىدىن مەس بولۇشۇپ ناخشا ـ قوشاقلار ئوقۇشۇپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ بەزمە قىلىشقان. گرېك تارىخچىسى ئارىئان «ئانا بازىس ئالېكساندىر» («ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى») دېگەن كىتابىدا، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى مەركىزىي ئاسىياغا قەدەم قويغاندا، بۇ



(1 ـ رەسىم)

يەنجىكەنت تېمىغا سىزىلغان گۈلخانغا ئوت يېقىش ۋە ئۇسۇلغا ھازىرلىنىش مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن رەسىم.

يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى گرېتسىيەدە مەي ئىلاھى دىئونىس نامىغا بېغىشلانغان مەي بايراملىرىغا ئوخشاش بەزمە- مەشرەپ، پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى يېزىلغان.

بىز مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن شۇخىل مەنزىرىنىڭ داۋامىنى دەلىللەپ بېرىدىغان مەي بايراملىرى قوشاقلىرىنى ئۇچرىتىمىز. مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق قوشاقلاردىن مىسال كەلتۈرگەن:

«كۆكلەر قامۇغ تۈزۈلدى،
ئۈرۈق ئىدىش تىزىلدى،
سەنسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم».

(ھەممە چالغۇ سازلاندى،
مەي جاملىرى راسلاندى،
سەنسىز كۆڭلۈم قىينالدى،
كەل كۇشادا ئوينايلى)

«يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ،
يىغاچ، يەمىش ئاۋلاتۇ،
قۇلان، قەيىق ئاۋلاتۇ،
بازرام قىلىپ ئەۋنەلىم».

(يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
ياغاچ، مېۋە تەقلىتىپ،
قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئوينايلى)

بىز «ئۇيغۇر خاقانى» دېگەن ئىبارە ئېنىق تىلغا ئېلىنغان قەھرىمانلىق لىگىندىسى «ئوغۇزنامە» دە: «تۈرلۈگ ئاشلار، تۈرلۈك سۇرمەلەر، قۇ بويانلار①، قىمىزلار ئاشادىلار، ئىچتىلار»② دېگەن ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ يەردىكى «سۇرمە» ئۈزۈم ھارىقى — مەينى كۆرسىتىدۇ.

## 2

«ئوغۇزنامە» دە مەي — سۇرمە ئىبارىسى ئىككى ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. «سۇرچۇك» ئىبارىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - تومىدا كىچىكلىك زىياپەت مەنىسىدە تىلغا ئېلىنغان. مېنىڭچە، بۇ ئىككى ئىبارە ئالاقىدار بولغان بولۇشى مۇمكىن.

«بور» ئىبارىسى «تۇرپان تېكىستلىرى» دە، «كالىيانامكارا ۋە پاپامكارا» ھېكايىسىدە،

① «قۇ بويانلار» نازىنېمەت، مايلار دەپمۇ ئىزاھلانغان، ئۇنىڭغاز- قۇ بويىنىدەك ئەينى زامان مەي ئۇۋرىقىنى كۆرسىتىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

② «ئوغۇزنامە»، 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 29 - بەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئالتۇن يارۇغ» دا، «شۈەن جۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا، «قۇتادغۇبىلىك»تە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا تىلغا ئېلىنغان.

رەشىد رەخمەتى ئارات ئېلان قىلغان ئۇيغۇرچە بەش پارچە تېببىي تېكىستتە: «يىمە بور كىشىگە قار قىلۇر» (مەي كىشىگە مەنپەئەت بېرىدۇ) دېيىلسە، يەنە ئۇ كىشى ئېلان قىلغان 42 بەتلىك ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك مەزمۇنىدىكى تېكىستتە: «قايۇ كىشى باش ئاغرىق بولسالار بۇ ئۇ بورغا تاقىپ ئىچسۇن» (كىمنىڭ بېشى ئاغرىسا تۇمارغا مەي چايقاپ ئىچسۇن) دېيىلگەن. «تۇرپان تېكىستلىرى» ئىچىدىكى 201 بەتلىك ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىستتە: «سارىغ ئېرۈك ئۇرۇغى سوقۇپ بور سىركەسى بىرلە ئاغزقا تۇتسا سۆنار» (چىش ئاغرىقى سېرىق ئۆرۈك مېغىزىنى تالقانلاپ ئۈزۈم سىركىسى بىلەن قوشۇپ ئېغىزغا تۇتسا پەسىيىدۇ) دېيىلگەن. «كالىيانامكارا ۋە پاپامكارا» (ئىككى تېكىن) ھېكايىسىدە (پىللىئوت ئېلان قىلغان)، «ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» دە (رەشىد رەخمەتى ئارات ئېلان قىلغان) ئۈزۈملۈك ئېتىزلىرى «بورلۇق» دەپ تىلغا ئېلىنغان. «ئالتۇن يارۇغ»، «شۈەن جۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان)، 15 پارچە براخمى يېزىقىدىكى دىنىي، تېببىي ۋە تەقۋىم تېكىستى (گاباىين خانىم ئېلان قىلغان) دە، «بورناچ» (قاچا) ئىبارىسى «يۇنغۇلۇق بورناچ، ئىچكۈلوگ بورناچ» (يۇيۇش قاچىسى، ئىچىش قاچىسى)، «تۆرت بورناچتا تولۇسۇۋىن» (تۆت قاچىدا لىق سۇ) شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان.

«قۇتادغۇبىلىك»تە: «بورئۇل بو بىلىگ ئۇقۇشقا ياغى، بورئاتى ھەقىقەت تۇتۇش ئۇل: چوغى» (مەي — بىلىم بىلەن ئەقىلگە دۈشمەن، جىدەلنىڭ ئۇرۇغى راستىن مەي بىلەن)، «قارا بورچى بولدى نېگى يېل، بېگى بورچى بولسا قاچان تورغا ئېل» (خەلقى مەيخور بولسا، مۈلكىنى يەل سوقار، بېگى مەيخور بولسا، ئەلنى قانداق تۇتار)، «بور ئىچمە ئايا بورچى بوغزى قۇلى» (مەي ئىچمە ئايا مەيخور نەپسى قۇلى) دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 3 ـ تومىدا «بور بولمازىپ سىركە بولما» (مەي بولمىسا، سىركىمۇ بولمايدۇ) دېيىلگەن. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا: «كىم ئول بورچى ئېرسە كىشى يېگى ئول، كېرەك ئېرسە يېگلىك يورى بورچى بول» (كىم مەيخور بولسا، ئەتىۋارلىق بولىۋاتىدۇ، ئەتىۋارلىقنى خالىساڭ، داڭ مەيخور بول)① دەپ يېزىلغان.

«سۇرمە»، «بور» ئىبارىسىدىن باشقا، «مەي»، «مەيزاپ» ئىبارىلىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە «تىلەسە فۇقابىر، تىلەسە مىزاپ» (خالىسا پىۋە بەر، خالىسا مەيزاپ) دەپ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا «مەيخورۇش» دېگەن شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان، «شاراب» ئىبارىسى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا «ئايۇر سەن كېزىم تون شەراب ئاش كېرەك» (سەن ماڭا كىيىم ـ كېچەك، شاراب، تاماق كېرەك دەيسەن) دېگەن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن.

«ئۈزۈم» ئىبارىسى تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە 201 بەتلىك تېكىستتە «قۇرۇغ ئۈزۈم» دېگەن سۆز بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ تومىدا: «ئۈزۈم يىگىل ئازۇ قوغۇن يىگىل» (ئۈزۈم ياكى قوغۇن يېگىن) دېگەن جۈملە بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

---

① بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا (123 ـ قۇر) «بۇرچى» ئىبارىسى ئىككى يۈزلىمىچى دەپ يېشىلگەن.

مەركىزىي ئاسىيادا تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئارىسىدا مەي كۆپ ـ ئىددىشلىرىنىڭ سۇنۇقلىرى، ئۈزۈم نۇسخىلىق رەسىم ياكى نەقىشلەر، ئۈزۈم تەكلىرىنىڭ ئىزلىرى ۋە قۇرۇغان ئۈزۈم ئۇلگىلىرى خېلىلا نۇرغۇن.

خوتەننىڭ «يوتقان» خارابىسىدىن سىتەيىن قاتارلىقلار ھەيلادىيىنىڭ ئالدىدىكى ۋە بېشىدىكى بىرىنچى ئەسىرگە ئائىت مەيزاپ كۈپلىرىنىڭ ھەم مەي ئىچۈرىقلىرىنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. مەن 1986 ـ يىلى ئۆكتەبىردە توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا بۇنىداق ئەۋرىشكىلەرنى كۆردۈم. بۇ ساپال قاچىلارغا بېشىغا ھاراق كوزىسى كۆتۈرۈۋالغان ياكى چالغۇ ئەسۋابلىرى چېلىۋاتقان ئادەم ياكى مايمۇن قىياپەتلىك پىگورىلار كۆپتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن. (2 ـ رەسىمگە قاراڭ)



(2 ـ رەسىم)

گابائىن خانىم «قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە ھايات» ناملىق كىتابىدا قاراشەھەر شورچۇق تاش كېمىرلىرىدىكى مەي قاچىلىرى سىزىلغان تام رەسىملىرى ئارىسىدا ئالتە قىرلىق ۋە قۇرساقلىق مەي قەدەھلىرىدىن 11 پارچىسى بىلەن جوغىلىرىغا قۇش بېشى نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن بىرى چوڭ، بىرى كىچىكرەك ئىككى مەي ئىچۈرنىقىنىڭ بولغانلىقىنى، بۇ يەردىكى بەزى مەي قاچىلىرىغا ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان①. (3 ـ رەسىمگە قاراڭ)

① شۇ كىتاب 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 67 ـ بەت.



(3 – رەسىم)

ئاستانە قەدىمكى قەبرىگاھلىقىدىن ئۈزۈم ھارىقى كۈپچاقلىرى بىلەن III — IV ئەسىرلەردىن قالغان قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم ئەۋرىشكىلىرى تېپىلغان. (4 – رەسىمگە قاراڭ) مۇنداق ئۈزۈم ئەۋرىشكىلىرى، ئۈزۈم نەقىش قىلىنغان توقۇلمىلار، تەكىنىڭ قالدۇقلىرى، ھەر خىل كوزا ۋە قەدەھلەر خوتەن ئەتراپىدىكى خارابىلاردىن (دەندان ئۆيلۈك، كونا نىيە قاتارلىق جايلار بىلەن مىران ئەتراپىدىن)، ئۈرۈمچى رايونى



(4 – رەسىم)

يۇئېرگو، ئالغۇي ئەتراپىدىن، قۇمۇل يانبۇلاق، بارىكۆل، مورى، ئالتاي سارسۇمبا ناھىيىسىنىڭ كىرمۇچ دېگەن جايىدىن، قەشقەر مارالبېشىدىن تېپىلغان. بۇ ھال تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر زامانلاردا «تەكلى ماكان» (تەكلىك ماكان) دەپ ئاتالغان دېگەن رىۋايەتنى ئەسكە سالىدۇ.

بىز مەركىزىي ئاسىيادا ئىشلەنگەن مېتال ئىدىشلارغا چېكىلگەن ئۈزۈم ۋە مەي قەدەھلىرى كۆرۈنۈشلىرىنى خوتەن (يوتقان)، تۇرپان (ئاستانە) دىن تېپىلغان مەي ئىدىشلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ مېتال شەكلىدىكى ۋارىيانتى دەپ قارايمىز.

مەلۇمكى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 – يىللاردا كەيخۇسراۋنىڭ ئوغلى سىياۋۇش توغرىسىدىكى رىۋايەت مەيدانغا كەلگەنىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سىياۋۇش گۈزەل ئوغۇل

بولۇپ، ئۆگەي ئانىسى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن ۋە نائىلاج تۇران شاھى ئەپراسىياپ ئالدىغا پاناھلىق تىلەپ كەلگەن. ئەپراسىياپ ئۇنى كامىل ئىززەتتە كۈتۈپ كۈيئوغۇل قىلغان، قەسىر بىنا قىلدۇرۇپ بەرگەن. ئىغۋاگەرلەر ئارىنى بۇزغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن سىياۋۇش بۇخارا (كۆلتېكىن ئابىدىسىدە بۇقاراق ئۇلۇس دەپ يېزىلغان) يېنىدىكى «گورسىيان» دېگەن جايغا كۆمۈلگەن. مۇھەممەت نارشاھىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دا يېزىلىشىچە، بۇخارا ئاھالىسى بۇ تراگېدىيىلىك قەھرىمانىنى ئۆزىنىڭ دىيونىسى بىلىپ، X ئەسىرگىچە خاتىرىلىگەن.



(5 - رەسىم)

5 - رەسىمدە، 1840 - يىلى ستروگونوۋ قىدىرىش ئەترىتى تاپقان ۋە ك. ۋېيسمان تەرىپىدىن يەرلىك ئۇستىلار ئىشلىگەن رۇستەم بىلەن سىياۋۇش تەسۋىرى دەپ ئىزاھلانغان مەي مەنزىرىسى بېرىلگەن. دەرۋەقە، بەدەخشان بىلەن ئورال تېغى ئەتراپىدىكى ئالكىنو دېگەن جايدىن گرېك دىئونىس بايرىمى مەنزىرىسى ئىشلەنگەن، ئادەم قىياپەتلىرى بىر - بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان ئىككى كۈمۈش ئىدىش تېپىلغان.

دى. ئېرلانگېر قاتارلىق مۇزىكا تارىخى ئالىملىرى بۇ رەسىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا مەي تۇڭىغا ئېتىلغان ئارسلاننىڭ يېنىدىكى ساز چالغۇچىلار تۇتقان سازنى ئەپراسىياپ خارابىلىرىغا يېزىلغان، جۈملىدىن فارابىنىڭ «كىتابۇل مۇسىيقۇل كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان تەمبۇر دەپ ئىزاھلىغان.① بەدەخشاندىن تېپىلغان ئىدىشتىكى رەسىمدە② ئوتتۇرىدىكى ئۇزۇلۇپ ئولتۇرغان كىشى ساقاللىق، ياشانغان ئەركەك قىلىنغان، ئۇنىڭ

① «مۇزىكىلىق ئاسارە - ئەتىقىلەر»، 198 - يىل لېنىنگ نەشرى، 63 - بەت.

② «ئۆزبېك تىياتىرى تارىخى»، 1975 - يىل تاشكەنت نەشرى، 1 - كىتاب، 60 - بەت.



(6 — رەسىم)

كۇمۇش ئىدىشنىڭ ئالكىنو ۋارىيانتى.

ئاستىدىكى سەككىز يالقۇنلۇق قۇياش كۆرۈنۈشى 12 شادىلىق چارق (بۇددىزمدىكى سانسارا — ئالەمدە ھاياتلىقنىڭ دەۋر قىلىشى؟) قىلىنغان، ئۈزۈم تەكلىرى قويۇق ئىشلەنگەن.

## 4

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى مەي مەدەنىيىتى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىشلەنگەن سىنتاش (بالبال) سىزما رەسىملەردە تىپىك ئىپادىلەنگەن.

ئورخۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان «كۆل بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (716 — 734) نىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىگە شۇڭقار، ئاستىغا قاغان ۋە بىللە دەپىن قىلىنغان خاتۇنلارنىڭ ئوڭ قوللىرىدا مەي قاچىسى تۇتقان كۆرۈنۈشى چېكىلگەن.

بۇ هال مەيىنىڭ ئەڭ مەنىدار دىنىي هەم مىللىيەتلىك قىممەتكە ئىگە ئامغىلىق ئەهمىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بىز شىنجاڭ مەركەز قىلىنغان كەڭ مەركىزىي ئاسىيا دالالىرىدا كۆپلىگەن بالبالارنىڭ، ئەر - ئايال بولۇشىغا قارىماي، ئوڭ قولىدا مەي قاچىسىنى، سول قولىدا خەنجەر دەستىسىنى تۇتقان، مەي قاچىسىنى يۈرەك كۆكرىكى ئۈستىگە، خەنجەر دەستىسىنى جىگەر - ئۆت ئۈستىگە توغرىلىغانلىقىنى كۆرىمىز.



(8 - رەسىم)



(7 - رەسىم)

«بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى رەسىم — مىس ساك هەيكىلى

ساك ئادىمىنىڭ ئۈچلۈق تەلپەكلىك، تىزلانغان مىس قۇيمىسى قولىدا مەي قاچىسى تۇتقان قىياپەتتە ئىشلەنگەن. (9 - رەسىمگە قاراڭ) ئارغۇدىن تېپىلغان بالبال (10 - رەسىمگە قاراڭ) بىلەن تالاش كونا قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان بالبال (11 - رەسىمگە قاراڭ) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان بالباللار تېپىلغان.



(9 ـ رەسىم)



(10 ـ رەسىم)



(11 ـ رەسىم)

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بالباللار پۈتۈنلەي بالبالدىكى شەخسنىڭ قەبرە بېشىغا قويۇلغان بولماسلىقى مۇمكىن. مۇھىم قونالغۇ، جەڭگاھ، مۇراسىم مەيدانلىرىدىمۇ بالبالار تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا VI ئەسىرگە ئائىت پەنجىكەنت تام رەسىملىرى ئارىسىدا بەللىرىگە قىلىچ ـ خەنجەر ئاسقان ئەركەك قەھرىمانلارنىڭ مەي قاچىلىرىنى تۇتقان كۆرۈنۈشلىرى ئۇچرايدۇ. (12 ـ رەسىمگە قاراڭ)



(12 ـ رەسىم)

بۇ هال ئەلۋەتتە ئۆلگۈچىگە ئاتالغان ئەمەس، بۇ ئەهۋالنى «قەھرىمانلىق ۋە شادـ خۇراملىق»، «ئىككى دۇنيالىق» دېگەن قاراش بىلەن بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش مۇمكىن.

بىر پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدىن بىرىدىگە شىر پۇتلۇق تەختتە ئولتۇرغان غەربىي تۈرك يابغۇسىنىڭ ئۇزۇم نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئوردىسىدا ۋىزانتىيە ئەلچىسىنىڭ مەي كوزىسى تۇتۇپ تىزلىنىپ تۇرغان، يابغۇ قىلىچ ئاسقان، ئەمما قولىدا مەي قاچىسى تۇتمىغان ھالەتتىكى قەسىر كۆرۈنۈشى سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز.① بۇ، ئېھتىمال، ۋىزانتىيە ئەلچىسىنىڭ يەرلىك خەلقلەر رەسمىيىتى بويىچە يابغۇغا كۆرۈنۈشكە كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىسە كېرەك. پۇگاچېنكوۋا بىلەن رېمپېل 1965 ـ يىلى تاپقان VIII — X ئەسىرگە ئائىت قارلۇق يابغۇسى تەختى مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن كومۇش تاۋاقتا ئىككى شىر پۇتلۇق تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان يابغۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە گۈل تۇتقان ۋە ئېتۈرتق ـ ئىدىشتا مەي تۇتقان ئىككى كىشى ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن.

ستەيىن خوتەندىن بىر قولىنى تىزىغا قويۇپ، بىر قولىدا مەي پىيالىسى تۇتقان، كەمىرىگە خەنجەر ئاسقان، ئارقىسىدا يەنە گۈل ۋە يا ئوقىي تۇتقان، ئىككى قولى كۆپەيتىپ سىزىلغان، پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان قارا ساقاللىق مەغرۇر ئەركەك رەسىمىنى تاپقان. (13 ـ رەسىمگە قاراڭ) ستەيىن رۇستەم ـ بودىساتۋا دەپ ئاتىغان بۇ رەسىم ئومۇمەن بودىساتۋا ئەمەسلىكى، بودىساتۋالار مەي تۇتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنمەيدىغانلىقى بىلەن، مۇ رۇستەمنىڭ يەرلىك مىللىي ئادەتكە لايىقتۇر.②



(13 ـ رەسىم)

① «مۇزىكىلىق ئاسارە ـ ئەتىقىلەر»، 116 ـ بەتكە قاراڭ.
② «ستەيىن سىرىندىيە»، 32 ـ رەسىمگە قاراڭ.

ئالاھىدە ئېتىبارغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ستەيىن دەندان ئۆيلۈكتىن تاختىغا سىزىلغان ئاتلىق ۋە تۆگىلىك ئىككى كارۋاننىڭ بىر خىل يۆنىلىشكە سەپەر قىلىۋاتقان رەسىمىنى تاپقان. (14 ـ رەسىمگە قاراڭ) يىراق سەپەرگە ئاتلانغان بۇ كارۋانلار قوللىرىدا (سىمۋوللۇق ھالەتتە) مەي تولدۇرۇلغان ئىككى پىيالە قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈۋالغان. روشەنكى، مال يۈكلەنمىگەن كارۋان ئات ـ تۆگىلىرى بولمىسىمۇ، رەسسام مالنى ئەمەس، مەينى گەۋدىلەندۈرگەن.



(14 ـ رەسىم)

## 5

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى جاڭ چيەن خەن ئوردىسىغا ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم مېۋىسىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما تاڭ تەيزۇڭ (627 — 649) دەۋرىدىلا قوچۇنىڭ بىجاقى ئۈزۈم ھارىقى چاڭئەندە كېڭەيتىلگەن. «كىتاب مۇئەسسەسىنىڭ ئەسلى پۈتۈكلىرى» (970 ـ جىلد) دىگەن كىتاب ۋە لى شىجېننىڭ «دورىلار قامۇسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ۋەقە ئېنىق تىلغا ئېلىنغان.

مەينىڭ چاڭئەنگە تارقىلىشى ئوردىدىن تاكى ئاھالە رايونلىرىغىچە «چاڭئەن غەربىي دىيار مەي مەدەنىيىتى» ھادىسىسىنى پەيدا قىلدى. چاڭئەندە ئىشلەنگەن مەيلەردىن باشقا، قوچۇ قاتارلىق جايلاردا ئىشلەنگەن مەيلەر يۆتكەپ كېلىنىپ قىممەت باھادا سېتىلدى. چاڭئەننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بازاردا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ۋە سوغدى مەيخانىلىرى مەيدانغا كەلدى.

خەنزۇ سودىگەرلىرىنىڭ ئاساسەن ئۆز ئىزىدا دۇكان ـ ساراي ئېچىپ «ھەتتار» شەكىللىك سودىگەرچىلىك ئەنئەنىسىدىن پەرقلىق ھالدا، ئۇيغۇر ـ سوغدى سودىگەرلىرى يۇرت كېزىپ، قۇۋۇق ئاتلاپ، خەلقئارا سودا ھەم ئاۋات بازار تىجارىتى ماھىرلىقى ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار تاغ ـ داۋان، قاراقچى ۋە قاراۋۇل توسقۇنلىرىنى يېڭىپ، تېز ئارىدا سودىنى جانلاندۇراتتى. ئۇلاردىكى ياۋروپا، ئاسىيا مىللەتلىرىدە كەم ئۇچرايدىغان «ئەنئەنىۋى ئېرسىيەت» ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۆتۈپ كەلگەن. مەي سودىسى ئۇنىڭ مۇھىم تاپاۋەتلىك بىر قىسمى ئىدى.



(15 ـ رەسىم) دۇڭخۇاڭ موگاۋ 302 ـ كېمىرىدىكى غەربىي دىيار كارۋانچىلىرى تەسۋىرلەنگەن تام رەسىمى.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى مەي مەدەنىيىتى تىببىي ـ دورىگەرلىك ۋە سەنئەت (بولۇپمۇ شېئىرىيەت) ئىجادىيىتىگە يېڭى تۈس كىرگۈزدى.

لى بەي (701 — 762) نىڭ مەي ئىبارىسى بىلەن يازغان كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئۇنىڭ لىرىك قەلبىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئائىلىۋى مۇھىتىنىڭ ۋە مەي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئۇ «بور» مېيىگە ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ «ئۆسمۈرلۈك» ناملىق شېئىرىدە مۇنداق يازغان:

«ئۆتتى ئۇلىندا ياشلىق، غەربىي گۈزەدە يەنە،
ئاق بوز ئات، كۈمۈش ئېگەر ئۈستىدە يېرىپ ھاۋا.
سورىسا كىمكى گۈل بېسىپ يول ئالدىڭىز قايغا دەپ،
كۈلۈپ كىرىپ كېتەتتىم ئۇدۇل خۇ① مەيخانىغا.»

ئۇ «ئاقاشقا تۇلپار» ناملىق شېئىرىدە مۇنداق يازغان:

«ئۈستىدە كۈمۈش ئېگەر، ئاقاشقا تۇلپار ئويىنىتىپ،
لاي كېچىپ، گاھى يېشىل كىمخاپ زېمىننى بويلىتىپ،
بەرگ قېقىلغاندا زېمىنگە سۈس يېغىن شامال ئارا،
خۇ قىزى مەيخانىغا كىردىم ئۇدۇل قامچا تۇتۇپ.»

ئۇ «قېبي تۇنەنى ئۇزىتىش» دېگەن نەزمىسىدە مۇنداق يازغان:

«ئۇزىتىپ چىققاندا مەن بولماق ئۈچۈن سىزدىن جۇدا،
چىن چىمەن دەرۋازىسىغا بىز كېلىپ قالدۇق مانا.
خۇ قىزى تەكلىپ قىلۇر قول ئويىنىتىپ مەي ئىچكىلى،
جىلۋە ئەيلەر مەي ـ شاراپ قولىدىكى مەي جامىدا.»

لى بەي ئائىلە تەسىرىدە مەي، ئات ۋە مۇزىكىغا ھېرىسمەن بولغان. ئۇ «مەي سۇنماق» ناملىق شېئىرىدا:

«ساز ياغاچتىن سورىسىڭىز لوڭمىڭ چىنارى ئەسلىدە،
قاش تېشى ئىشۇرىققا باقسام مەي توگەپتۇ تەكتىدە.
چالغۇنى باغرىم بېسىپ، پەيتارى چەكتىم سىز بىلەن،
ھال يۈزۈم بىر ئاقىرىپ، ئەمدى يېنىپتۇ ئەسلىگە.

① خەنزۇ ھەرپىدىكى «خۇ» ئىبارىسى ئومۇمەن شىمال ۋە غەربىي شىمالدىكى قەدىمكى ئىسرىئان ـ ساك ـ ھون ـ تۈرك ـ ئۇيغۇر خەلقلەر تۈركۈمىنى كۆرسىتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن بۇ ئىبارە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنى ئىپادىلىگەن.

خۇ قىزىدا گۈلنىگار، مەي خانىدىن خۇش بۇي تارار،
بولمىساق كەيپ، يەتكۈلۈك يوقتۇر ئەمەلنىڭ ۋەسلىگە»

دەپ يازغان. ئۇ «كەيپلىكتىن كېيىن جۇ لىياڭغا نەزىرە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«خەت پۈتۈپ پۇچۇلدى مىڭ ـ مىڭ قىل قەلەم،
نەزمە ئارتىساق بولدى دوك ئۆكۈزمۇ ھەم.
ئەجدىھا ـ يولۋاسنى قىلدى، شىلتىساق قەلەم بىنا،
ئۇچتى بۇلۇت قەھرىگە ئويناي ئۇسسۇل دەپ گۈل سەنەم.
ناخشا ئېيتۇر ئىككى خۇ قىز ساز چېلىپ تاڭدىن بېرى،
سېز بىلەن مەيزاپ كۆتۈردۇق يول قويۇشماي دەممۇ ـ دەم »

ياڭ جۈي «خۇ قىزىغا نەزىم» دېگەن شېئىرىدە مۇنداق يازغان:

«ئەكس ئېتەر دەريادا ھۆسنى بىغۇ بار،
شۇنچە مېھماندوستىكى گويا نەۋ باھار،
ھەممە بىلگەي مەيچى قىزنىڭ ئادىتىن،
مەي تۇتار گەر ئىچمىسەڭ خىجىل قىلار.
جۇيزە ياپراق يەلپۈگۈچتەك خۇش پۇراق،
ياسىنىپ ئالدىڭغا بالىخانىدىن چىقار.
پۇل ساناشقا بارمىقىنى يايار تېخى،
قايغۇسىز ئۆتكەي جاھاندىن بەر قارار.»

ۋاڭ جيي «مەيخانىدىن ئۆتكەندە» دېگەن شېئىرىدە ھەتتا نىسبەتەن مەي ئىچىش خىجىللىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«بولسا يارماق ئىچكۈلۈك دەركار ئىدى مەينى ماڭا،
بولمىسا چۆنتەكتە پۇل ھاجەتمۇ مەي ئىچمەك يەنە.
ھەر قېتىم خىجىل بولۇپ ئىچكەچكە مەينى تەمتىرەپ،
يۈزلىرىم مەيدەك قىزاردى خۇ قىزىنىڭ ئالدىدا.»

خې چاۋ «مەيچى خۇ قىزىغا» دېگەن شېئىرىدە مۇنداق يازغان:

«باش باھار مەيخانىسىدا ئولتۇرۇر ئۇيغۇر قىزى،
قولىدا پەي تارى چالغۇ تۇن ئارا چاڭ ـ چاڭ چېكىپ.
سۇس قىراۋ بولسىمۇ ئاستى، كەيگىنى بولغۇن جۇگا،
قىپقىزىل شىرداق تۆپىگە ئاي تۇرار شولا چېچىپ.
قاش تېشى تاۋاقتا پىشقان يېڭى چورتان بېلىقى،
چوغدا مىس داڭقان ئىچىدە قوي گۆشى تۇرغان پىشىپ.
بۇندا مېھمانلار زېرىكمەس، تارقىماس ھەر چاغدىمۇ،
تۇرغىنىدا «ياپپېشىل رومال» كۈيىنى ئىشتىشىپ.»

ئەينى زاماندا چاڭئەندە ئوينالغان ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق ئويۇنلاردىمۇ غەربىي دىيارلىقلارنىڭ فولكلور خاراكتېرى ئالغان مەي مەدەنىيىتى يوسۇنلىرى ئىپادىلەنگەن.

6

بىز غەربىي دىيار تاش كېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىگاھلىقى لەھەت تېمىغا سىزىلغان رەسىملەردىن، جۈملىدىن تۇرپاندىن تېپىلغان «ئۇيغۇر مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋەسىقىلىرى» (جۇاڭ ۋېنشى ئەپەندى 1954 - يىلى ئېلان قىلغان) دىن ئەينى زاماندا تەگرى تاغ ئېتەكلىرىدە مەي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىز ئاستانە لەھەت تاملىرىغا سىزىلغان «ئۆلگەندىن كېيىنكى زىياپەت» دەپ ئاتىغىرا چۈشىنىلگەن رەسىمنى (16 - رەسىمگە قاراڭ) قىزىل مىڭ ئۆيلىرىگە سىزىلغان مەي قاچىسى تۇتقان بىر قاتار رەسىملەر (17 - رەسىمگە قاراڭ) بىلەن بىرلىكتە قوچۇ، كۈسەن «بۇرناچ» (ساقى) ئۇسسۇلى دەپ تونۇيمىز.



(16 - رەسىم)

ھازىرقى كۈندە «بىر پىيالە مەي»، «چىنە ئۇسسۇلى» دەپ ئاتالغان، ئەمما ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدە كەڭ تارقالغان مەيزاپ (بەزى جايلاردا چاي) سۇنىلىدىغان ئۇسسۇللار چاغىئەندىمۇ ئوينالغان. شائىر جاڭ خو «بۇرناچ ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدە، غەربىي دىيارلىق ئۇسسۇلچىنىڭ پادىشاھ تاڭ شۈەندىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنىڭغا مەي تولغان قەدەھنى تۇتقانلىقىنى، پادىشاھ دەسلەپتە بىلەلمەي قېلىپ، كېيىن كۈلۈپ قولىغا مەي ئالغانلىقىنى مۇنداق يازغان:

«نەۋ باھار گۈللەر ئېچىلغان شىڭچىڭ قەسرى باغىدا،
لياڭجۇ چوڭ نەغمە كۈچەپ ئايلاندى ئۇسسۇل سازىغا.
چۈشتى ئۇسسۇلغا تۇتۇپ زەر جامنى زەققاس قولىغا،
ئالدى جامنى بىر كۈلۈپ ئىلكىگە دەرھال پادىشاھ.»

بۇ پادىشاھ تاڭ شۈەندىنىڭ ئۆگلۈك (روشەن بۇخارى) - سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىپ قايتا تەختكە چىققانلىقىنى تەبرىكلەش بەزمىسىدىكى «بورناچ» ئۇسسۇلىنىڭ شېئىرىي ئۇچۇرى ئىدى. ئاستانە ۋە قىزىل تام رەسىملىرى قوچۇ - كۈسەن ھۆكۈمرانلىرى ئالدىدا ئوينالغان بورناچ ئۇسسۇلىنىڭ جانلىق تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى بىلەن بىزنى تەمىنلىدى.



(17 – رەسىم)

داگۇ باشچىلىقىدىكى ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى كۇچار سۇ بېشى خارابىسىدىن ياپونىيىگە ئېلىپ كەتكەن جەسەت كۆلى قۇتىسى سىرتىغا سىزىلغان چالغۇ، ئۇسسۇل، دراماتىك كۆرۈنۈشتىكى رەسىملەر ئارىسىدا ئىقابىلانغان ئۇسسۇلچىلاردىن بىرسىنىڭ بىلىگە مەي ئايىقى (مەي قاچىسى) ئېسىۋالغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. (18 – رەسىمگە قاراڭ)



(18 – رەسىم) جەسەت كۆلى قۇتىسىدىكى رەسىملەر



(18 - رەسىم)

بىز فەن دىڭدىڭ، گۇڭ جيەنشېڭ، چى شيۇي قاتارلىق يولداشلار سىزىۋالغان «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن سىزىلمىلار» (1983 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشىر قىلغان) ناملىق كىتابنىڭ 8 - ، 10 - ، 21 - ، 74 - ، 77 - ، 78 - ، 119 - ، 121 - بەتلىرىدىن مەي كوزىلىرى ياساۋاتقان، مەي قاچىسى تۇتۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىمىز. بۇ كۆرۈنۈشلەر قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي تۇستە سىزىلغان.



(19 - رەسىم)

ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش سىزىلغان مەي قاچىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان. شاڭ دا ئەپەندىنىڭ «چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا چاڭئەن ۋە لوياڭدىن تېپىلغان ئۈزۈم نەقىشى چۈشۈرۈلگەن ئىككى غەربىي دىيار ئىلكىنىڭ رەسىمى بېرىلگەن. شىئەننىڭ تاڭفىن ۋاڭخۇ دېگەن جايىدىن غەربىي دىيارلىق (ئىدىقۇت) كىشىلەرنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن جام تېپىلغان.

خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى خەنسۇي قەبرىگاھلىقىدىن تۆت سازەندە ۋە بىر ئۇسسۇلچى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ياپىلاق سېرىق مەي قاچىسى تېپىلغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان «ئۇيغۇر مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋەسىقىلىرى»دە، موزاق ئېلىنىپ تۇتۇق باشقۇرىدىغان روزىغارلار قاتارىدا «بورلۇق يەر»، «بور» (11 — ، 24 — ، 63 — قۇردا) تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، ئەر — ئايال راھىپلارنىڭ كۈندىلىك تامىقىغا ئۈزۈم ھارىقى قوشۇپ بېرىش تەۋسىيە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىچ — خەنجەر ۋە كاسە — مەي مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەشرەپلىرى، نەغمە — ئۇسسۇللىرى، تىياتىر پائالىيەتلىرىگىمۇ سىڭگەن. سۇي لىگچىن يازغان «ئوقۇتۇش مۇئەسسەسە خاتىرىلىرى»دە يېزىلىشىچە، ئەينى زاماندا «شىر كەيىپ غوز» (胡醉子) دېگەن ئويۇن بولغان. چىڭ ياڭ يازغان «نەغمە نامە»دە، «مەست غوز» (醉胡) ئويۇنىدا ئوينايدىغان پېرسوناژنىڭ كىگىز قالپاق، قىزىل تون، كەمەر — خەنجەر ئاسقان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. «سوڭ تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە، «شىر كەيىپ ئۇيغۇر تاقلىما تۈركۈمى» (醉胡腾队) دېگەن سۆز بولۇپ، بۇنىڭدا مەخسۇس شىر كەيىپ ھالەتتىكى ئويۇن ئوينىغۇچى ئاكتيورلار نەزەردە تۇتۇلغان. ئىچكى ئۆلكىلەردە قىلىچ — خەنجەر ئېسىش كېيىك ئەۋجىگە چىقىپ، ياپونىيىگىمۇ كېڭەيگەن. بۇ خىل مودا «خۇ ئۇسلۇبى» (胡风) دەپ ئاتالغان. «ئۇلۇغ ياپونىيە تارىخى»، 347 — جىلدىدە «غوزلارنىڭ مەي ئىچىشى» (胡饮酒) دېگەن مۇزىكىلىق ئويۇن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتتا ھازىرغىچە ئوينالماقتا. بۇ «مەست غوز بەزمىسى» (醉胡乐) دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مەي مەدەنىيىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىن بەلگىلىك دىنىي ۋە ئەخلاقىي ئۆزگىرىشكە ئۇچرىسىمۇ، بۇ ئەھۋال ئوخشىمىغان رايونلاردا ھەر خىل راۋاجلاندى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب يىللۇچۇسەي «غەربىي دىياردا چوكانىتال بايرىمى» ناملىق شېئىرىدە مۇنداق دەپ يازغان:

«كۆيدۈرەر ئۈزۈم مېيى غەم بىلەن باغرىڭ قوشۇپ،
قەھرىۋا جامدا تۇرار مەي ساقىمەك ئالدىڭ توسۇپ.»

مىڭ سۇلالىسى شائىرى زېڭ چى «چېنۋەنيۈەننى غەربىي دىيارغا ئۇزىتىش» ناملىق شېئىرىدە:

«شاھى چىقتى خەن تىلىدا بىزگە ئەيلەپ مەرھابا،
تەق ئىكەن ئۈزۈم ھارىقى كېمىر ئۆيلەردە يانا.
يۈزىدە خوتەنچە ئەگلىك رەقسى قىلدى قىزلىرى،
سازچىلار ئوينار تۇتۇپ كۆسەن كۈيىنى قولىدا»

دەپ يازغان. چىڭ سۇلالىسى شائىرى لى لۇەن شۈن «قورۇلدا ئالتە غەزەل» ناملىق شېئىرىدە:

«ئۈزۈم شارابىنى ئىچىپ ياتساڭ زېمىندا مەس بولۇپ،
ئاسمان كۆزگە چۈشەر گاھى ئېگىز، گاھ پەس بولۇپ»

دەپ يازغان.

## 7

ئۇيغۇر مەي مەدەنىيىتى چاغاتاي مۇئەللىپلىرى ئەسەرلىرىدە كۆپ سىمۋوللۇق، باي مەزمۇنلۇق پىكىر ـ ھېسسىيات ۋاستىلىرى سۈپىتىدە، جۈملىدىن خەلق مەشرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ئىزچىللاشتى. ئۇنىڭغىچە، ئىبىن سىنا ئەسەرلىرىدە، كەيكاۋۇسنىڭ «قابۇسنامە» سىدە جۈملىدىن شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ رىسالىلىرىدە مەي ۋە مەي ئىچىش ئەدەپلىرى توغرىلىق يېتەرلىك بايانلار بېرىلگەن.

ئىبىن سىنا «ئۇرجۇزا»، «تىب قانۇنلىرى» قاتارلىق كىتابلىرىدا مۇنتىزىم مەيخورلۇقنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي زىيانلىرىنى سۆزلەيدۇ ۋە «مەينىڭ ئازى داۋا، كۆپى زەھەر» دەپ كۆرسىتىدۇ.

كەيكاۋۇس «قابۇسنامە» نىڭ «شاراب ئىچىش ھەققىدە» ناملىق 11 ـ بابىدا، سۆزىنى «ئەي ئوغلۇم، مەن ساڭا شاراپ ئىچ ياكى ئىچمە دەپ ئېيتمايمەن» دېگەن جۈملە بىلەن باشلاپ، ئىچىشكە زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندىكى مەي ئەدەبلىرى ئۈستىدە توختالغان.

ئەرەب شائىرى ئەبۇل فەراج مەي ئىچىشكە كەسكىن ئېتىراز بەرگەن ھالدا، مەي ئىچىشتىكى تۆت خىل ھايۋانى قىياپەت ـ تۈزدەك تاۋلىنىش، مايمۇندەك ھەجىيىش، شىردەك تەكەببۇر بولۇش، چوشقىدەك پاسكىنا ھالەتكە چۈشۈشنى تىلغا ئالىدۇ. كامىل خوجەندى بىرىنچى قەدەھ سالامەتلىك ئۈچۈن، ئىككىنچى قەدەھ كەيپىيات ئۈچۈن، ئۈچىنچى قەدەھ سۆرۈن يۈز بولماق ئۈچۈن، تۆتىنچى قەدەھ ئەقىلدىن چىقماق ئۈچۈن ئىچىلىدۇ، دەپ يازىدۇ.

ئۆمەر ھەييام:

«ھوشيار بولسام مەندىن خۇشاللىق يىراق،
مەس بولسام ئەقلىمدىن ئاجرايمەن بىراق.»

دەپ يازسا، ئەلشىر ناۋايى مۇنداق يازىدۇ:

«بەد مەسلىك دەمۇ دەم مەيدىن نە بەھر،
كى، ئادەملىك قەتلىگە قەدەھ ـ قەدەھ زەھەر.»

ئېيتىش كېرەككى، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھاراق تىجارەتچىلىرى سالاھىيىتىدىن تەدرىجىي قالدى. پەقەت يېزىلاردا مەشرەپلەر ئۈچۈن، توي ـ تۆكۈن ئۈچۈن مەيزاپ، مۇسەللەس ۋە دورا ھاراقلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىڭلارچە مەي، ساقى، مەيخانە ھەققىدىكى شېئىرلار شائىر قەلبىنىڭ ماجازى ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ ھال مەي مەدەنىيىتى ھادىسىنىڭ خاس شەكلىنى ھاسىل قىلدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەي، ساقى، مەيخانا (خارابات) ئىبارىلىرى پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەنىدە شائىر قەلبىنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر-ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان قاراتمىلىققا ئىگە ئىدى.

مەي ئەركىنلىك، ئازادىلىك، بەھوزۇرلۇق مەنىسىدە؛ غايە، ئۈمىد، مەسلەك مەنىسىدە؛ ئىشق، جانان، رەپىق مەنىسىدە؛ تەقدىر، ھايات، مەڭگۈلۈك بىرلىك («ۋەھدەت شارابى»)، ئۆلۈم (ئەجەل) مەنىسىدە ماجازى سىمۋوللاشتۇرۇلدى. ئۇ زۇلۇم، ھاكىممۇتلەقلىق، چىقىش يولىنىڭ توسقۇنلىرىغا قارشى ئىنسانپەرۋەر، ئىسيانكار ئىدىيىلەرنى گەۋدىلەندۇردى.

مەي كاسىسى، جام، يام، قەدەھ، قاچا ئىبارىلىرى ھەر خىل قاراتمىلىقتا، جۈملىدىن جانانىنىڭ لېۋى مەنىسىدە ئىشلىتىلىدى.

ساقى ئىبارىسى ئۇمۇمەن گۇۋاھچى، ئۇلپەت، جانان، ھەتتا «ئەجەل ساقىسى» دېگەندەك مەنىلەردە كەلدى.

مەيخانا ئالەم، راھەتخانا، مەزلۇملار دەرگاھى، ھەقىقەت قەسرى، پاك كۆڭۈللۈكلەر ئۆيى مەنىلىرىدە قوللىنىلدى.

مۇھەممەت خارازمى «مۇھەببەتنامە» داستانىدىكى ھەربىر مەكتۇبات مەسنەۋىلەر تۈركۈملىرى ئاخىرىغا:

«كەل ئەي ساقى كېتۈرگىل بادەئى ناب،
كۈلە، ئوينايۇ ئىچسۇنلەر بۇ ئەسھاب.»
«كەل ئەي ئاي يۈزلى ساقى تۇت بىرەر كۆش،
بىرەر كۆش بىرلە قىلغىل بىزنى بىھۇش»

دېگەندەك ئۈچىنچى شەخسكە ئىلتىماس قىلىش مىسرالىرىنى قوشۇپ ئىشلەتتى.

ئاتايى، سەككاكى ۋە لۇتپىلارمۇ مەي، ساقى ئىبارىلىرىدىن پايدىلانغان. لۇتپى:

«ئاھكىم باغرىم فىراق ئوتى ئۆزە بولدى كەباب،
مەجلىسىم نۇقلى غەمۇ، ئاندۇخى كۆز ياشىم شەراب.»
«بىر جۈر ئەنى بۇخەستە قۇلىڭ يادىنە قىل نۇش،
ئول دەمكى ئەرۇر زوھرە ئۇ گۈل مۇترىبى ساقىڭ»

دەپ يازغان. ئۇ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا:

«بۇ ھالەتتە خىرامان بولدى ساقى،
مەلىكزادەغە يەتتى دۆر ئاياقى»
ئاياق ئالىپ ئىچەر-ئىچمەستە ئول شاھ،
چاغىردى! كۆردى ئۆز ئەكسىنى ناگاھ»

دەپ يازدى. بۇ يەردە «شاراب» مۇھەببەت كۆز يېشى ۋە سەلتەنەت نۆۋىتى مەنىسىدە كەلگەنىدى.

ئەلىشىرناۋايى مەي، ساقى، مەيخانا ئىبارىلىرىدىن كەڭ ۋە رەڭدار پايدىلاندى:

«ئەي ناۋايى ئەقلىڭدىن ياغما قىلۇر دەۋران مەي،
چىق زاۋان بۇ بەزمىدىن قىلجۇنلە ھوشۇڭ بارىدا.»

«مەست بول ئەل مۇددۇئاسى يازى بىرلە ھەر نەپەس،
ئەلدىن ئايرۇ جامى تاپقاندا بۇ جامنى جام دېمە.»

«بۇ دىيازدا ئەيىب ئەتمە گەر مەستى خاراب ئولسام،
كىم ھەرنە ئىمارەتتۇر، دەھرى ئەنى خاراب ئەيلەر.

مەست ئەيلە ناۋايىنى ئاگلاي دىرلە ئىسەڭ كامىن،
ۋەسلىڭ تەمەئىن خۇشيار ئەيلەرگە ھىجاپ ئەيلەر»

«يوق ئىبرۇر دەۋران جاپاسىدىن قۇتۇلماق، ئەي رەپىق،
تۇتمىساڭ مەيخانەنىڭ كۇنجىنى تا ئانداقكى مەن.»

بۇ يەردە مەي زامانىنىڭ ئەقىل بۇلغۇچىسى، ئەل مۇددىئاسى، زامان جاپاسىدىن قۇتقازغۇچى مەنالىرىدە كەلگەن. دەرۋەقە، ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى شۇنچە كۆپ مەي، ساقى، مەيخانا، مەجلىس، ئەنجۇمەن ئىبارىلىرى خاس تەتقىقاتقا لايىق تېما.

ئۇ يەنە مۇنداق گۈزەل بېيىتلارنى يازغان:

«مەي بىرلە يۇزىڭ تىم ـ تىم ئەخمەرمۇ ئىكەن ئايا؟
يا شۇلە ئارا بىر ـ بىر ئەخگەرمۇ ئىكەن ئايا؟»

«باش قويارمەن كۆپ ئاياغىندا مەي ئىچسەم پەيۋەست،
قېنى مۇغ دەيرىندە مېندەك يەنە بىر بادە پەرەست:»

«ساقىيا بۇغۇسسە دەفئى مەستۇ بىخۇتلۇغدۇرۇر،
تۇت شەپەقگۇن مەي تولا گەر خۇد ئىبرۇر گەردۇن قەدەھ.»

«جام ئىبرۇرمىن تەلبەگە قانلىغ كۆزۈمنىڭ كاساسى،
لالىلەر سەھرادا بەس گەر ئىستەسە مەجنۇن قەدەھ.»

«دەۋران ساڭا زۇلۇم ئېتسە قەدەھلەر تولا مەي ئىچ،
قان يۇتساڭ ئاياغلەر تولا دەۋرانغا نە پەرۋا.»

«سەن لەبىڭ شۇرغان سەيىن مېن قان يۇتەرمەن ئىي ھەبىب،
سەن مەي ئىچكىلكىم ماڭا خۇنى جىگەر بولمىش شاراب.»

«چەك ناۋايى نالە، كۆزمەي، بەرسۇن ئول باغرىم كاباب،
چۇن بولۇر ئول ئاي خىيالى بىزگە مېھمان ھەر كېچە.»

«مۇغەيىنى بىر ناۋانى تۈز، نەۋايى نەغمەئى كىرگۈز،
ئاياقچى تامسا تۇت، تۇققۇز، كى دارائى جاھان كەلدى.»

«ساقىيا، كۆز بىرلە كۆڭلۈمنى قارا قىلمىش خۇمار،
كەلكىل، بۇ ئۆيلەرنى مەي خۇرشىدىن دەۋشەن قىلاي.»

مەشرەپ شېئىرلىرىدە مەي تۈركۈم ئىبارىلىرى يالقۇنلۇق، ئىسيانكارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن:

«مەنسۇرى ھەللاجىدەك ئىچىپ شارابى ئەنتەھۇر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپمەن ئۇشبۇ دەم دار ئالدىدا.»

«زاھىد ماڭا بىر شىشەئى مەي، ساڭا ئامازىڭ،
مىڭ تەقۋانى بىر شىشەئى مەيگە ساتا قالدىم.»

زەللىلى شېئىرلىرىدە بۇ ئىبارىلەر شائىر غايىلىرىگە بېقىندۇرۇلغانىدى.

«كەل ئى مەنسۇر بولۇپ ساقى سىرىمنى ئاشكار ئەيلەي،
ئىچىپ كۆر لالە يەڭلىغ خۇنى ھەسرەتتىن ئاياغىم بار.»

«زەللىلى پەقىرلەر مەيخانىسىدە سەلتەنەت كۆرگەچ،
تىكىپ توغىن ئەلەم مەسنەد نەشلى بارگاھىمدۇر.»

«زەللىلى زاھىد ئەھلىدىن بۇيى ئىپپەت تاپمىدىڭ ھەرگىز،
قەدەم قويغىن خارابات ئىچرە ئەرزۇيى تەۋەككۇلسەن.»

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھازىرغىچە مەي، ساقى ۋە قەدەھ (جام) ئىبارىلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ راۋاجلانماقتا. بۇ يەردە بۇ جەھەتتە توختىلىش ھاجەتسىز.

## 8

ئۇيغۇر ئەجداتلىرىدىكى مەي مەدەنىيىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى مەيدانغا كەلگەن ۋە داۋاملاشقان بىر پۈتۈن ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇش قارىشىغا سىڭگەن ئالىيجاناب قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى. خەنجەر بىلەن مەي ئالامەتلىرى ھايات - مامات ئالامەتلىرى گەۋدىلەنگەن باللار، ھەيكەللەر، رەسىملەردە ئۇقتىلىق تەسۋىرلەندى. ئۇ مۇسبەتلىك ۋە مەنپىيلىك، جەڭگىۋارلىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەت قاراشلىرىدىن پىسخىك ئەخلاقىي قاراشلارغىچە بىر پۈتۈن زىددىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى روشەن كۆرسەتتى. ئۇ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق، كۆپكە سىڭگۈللۈك مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا خاس فولكلور ۋاسىتىسى بولۇپ كەلدى.

# مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى توغرىسىدا

ئابدۇۋەلى ھامۇت

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى، ئوبيېكتىپ خاراكتېرى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىندۇ.

ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ پائالىيىتى. ئىنسانىيەت ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى داۋامىدا مۇكەممەللىشىدۇ، مۇكەممەللىشىش ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى قانداق شەكىل، قانداق دائىرە ياكى قانداق مەزمۇندا ئېلىپ بېرىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى؛ يەنە بىرى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى. مەن بۇ ماقالەمدە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئۈستىدە توختىلىمەن.

I

ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي پائالىيەتتىن تەدرىجىي ھالدا مەخسۇس پائالىيەتكە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلىم ـ پەننىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى بىلەن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش يەنە كىشىلەر تەرىپىدىن تەدرىجىي ھالدا تونۇلۇپ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدا ئالاھىدە بىر تارماق بولۇپ شەكىللەندى.

ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ مەنىۋى بايلىق يارىتىدىغان، بىلىم ئىشلەپچىقىرىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئەمگەككە مەنسۇپ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. بەزىلەر، پەقەت ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەمگەكلا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئەمگەكلەر، جۈملىدىن ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئەمگىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە كىرمەيدۇ، ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە كىرمەيـ

دىغان. ئەمگەكلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ھېسابلانسا، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، يەنى ماددا بىلەن روھنى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنى، ئاستى بىنىكت بىلەن ئۈستبىنىكتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش كېلىپ چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. روشەنكى، بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنى تۈرلۈك شاھەلەرگە بۆلۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ئوخشاشلا ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىنى ئالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزى بولسا ئوخشاشلا ئەمگەكچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ياكى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىگە مەنسۇپ ئەمەس دېگەن قاراش توغرا ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىش تەقسىماتى شەكىللەندۈرگەن ھەرقانداق ساھە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى بولىدۇ. چۈنكى، ئىش تەقسىماتى ئەمگەكچىلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە بۆلۈۋېتىدۇ. مەسىلەن، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى زىيالىيلارنى ئالساق، ئۇلار جىسمانىي ئەمگەكچىلەردىن پەقەت ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىلەنلا پەرقلىنىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئەمگەكچىلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت ئۈچۈن مەنىۋى بايلىق يارىتىدىغان بۇ خىل ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىمۇ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى ئەمگەككە مەنسۇپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچىدىن، تارىخنى خەلق ئاممىسى يارىتىدۇ. خەلق ئاممىسى تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان سىنىپ ۋە تەبىقىلەردىن تەركىبلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يەنىلا ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكچىلەر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى خەلق ئاممىسى يارىتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى نۇرغۇن ئالىم، مۇتەپەككۇرلەرنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئىنكار قىلمىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىل مەنىۋى بايلىقىنى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر يۈزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن ياراتقان ۋە توپلىغان. بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى ئىنكار قىلغانلىق خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي رولىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئىگىزلىك زىددىيەتنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدىن قارىغاندا، ئېلىمىزدە ھازىرقى شارائىتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاقلىقى بىلەن خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، خەلقنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان ئەمگەك مۇقەررەر ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقى-رىش ئەمگىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەنىۋى ئىشلەپچە-

قىرىش كۈچلىرى ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بولمايدىكەن، شۇنىڭغا ماس ھالدا مەنىۋى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشمۇ بولمايدۇ. دېمەك، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىستېمال قىممىتىنى يارىتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. شۇڭا، بۇنداق پائالىيەت تەبىئىي ھالدا ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. مانا بۇلار مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشقا بىرخىل ھادىسە ئەمەس، بەلكى دەل ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئەمگەككە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمال قىممىتى ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى پائالىيەت بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى بولىدۇ. ئۇنى پەقەت مەنىۋى بايلىق ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدۇ دەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنسەك، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى ھەقىقىي تۈردە ۋە مۇكەممەل دەرىجىدە مۇئەييەنلەشمىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى توغرا مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئادەتتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدىغان ئەمگەك ھېسابلانسىمۇ، ئەمما مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇ ياراتقان مەھسۇلات مەنىۋى مەدەنىيەتنى تولۇق قاپلاپ كېتەلمەيدۇ ۋە ئۇنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت دېگەندە، ئىككى ياقلىما مەزمۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت، بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت ئەھۋالى، يەنى ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق تەرەپلەر، يەنە بىرى، جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قىياپىتى، يەنى ئۆرپ ـ ئادەت، دۇنيا قاراش، ئېتىقاد، غايە، كەيپىيات قاتارلىقلار. ئەمما بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە راۋاجلىنىش ئۇسۇلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق، ئېتىقاد، غايە ۋە كەيپىيات قاتارلىقلار ئاساسەن تەبىئىي ۋە ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللىنىپ راۋاجلانسا، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىقلار مەقسەتلىك تۈردىكى ئىجابىي ئەمگەك، يەنى كەڭ زىيالىيلار ۋە ئالىملارنىڭ جاپالىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. شۇڭا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش دېگەندە، بىز ئىستىخىيىلىك ھالدا مەيدانغا كېلىدىغان تەرەپلەرنى ئەمەس، بەلكى زىيالىيلار ۋە ئالىملارنىڭ ئىلىم ـ پەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بارغان ئاڭلىق، مەقسەتلىك تۈردىكى ئىجادىي ئەمگەكنى كۆزدە تۇتىمىز.

## 2

مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش گەرچە ئەقلىي ئەمگەكنى ئاساس قىلىپ مەنىۋى بايلىق يارىتىدىغان، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئالاھىدە پائالىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ماركس، ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە ئاڭنىڭ ھاسىل بولۇشى دەسلەپكى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ماددىي پائالىيىتى بىلەن، ماددىي ئالاقىسى بىلەن، رېئال

تۇرمۇشتىكى تىل بىلەن بىۋاستە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. كۆز قاراش، تەپەككۇر ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئالاقىسى بۇ يەردە يەنىلا كىشىلەرنىڭ ماددىي مۇناسىۋىتىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى»، «كىشىلەر ئۆز كۆز قارىشىنى، ئىدىيىسىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ياراتقۇچىلاردۇر. لېكىن بۇ يەردە ئېيتىلغان كىشىلەر، رېئال كىشىلەر، پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىياتىنىڭ ۋە بۇ تەرەققىياتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.» ① ماركس، ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆزىدە بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئالاقىسى ئۇلارنىڭ ماددىي مۇناسىۋىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى، ئىككىنچىدىن، مەنىۋى بايلىق يارىتىدىغان كىشىلەر رېئال كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مۇئەييەن ماددىي ئالاقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى، ئۈچىنچىدىن، مەنىۋى مەھسۇلات ماددا ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكى روشەن ھالدا كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ جەريان ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مەنبەسى، جەريانى، نەتىجىسى ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ماددىي مۇناسىۋەت ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇ ماددىي مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىدىغانلىقى يەكۈنلەنگەن. دېمەك، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ساپ سۇبيېكتىپ ھادىسە ياكى ساپ سۇبيېكتىپ جەريان ئەمەس، بەلكى مۇقەررەر ئوبيېكتىپ جەرياندۇر.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر نۇرغۇن تەرەپلەر ئوبيېكتىپ بولىدۇ دېگەندە، ئۇنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ئەقلىي تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ سىڭدۈرۈلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئەقلىي تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنۇمى قاتارلىقلارنىڭ ئوبيېكتىپ بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بىر پۈتۈن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرمەي تۇرالمايمىز. ئومۇمەن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبيېكتىپ بولىدۇ دېگەندە، تۆۋەندىكى بىر قانچە كونكرېت مەسىلىلەر ئاساس قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشتىكى ئەڭ مۇھىم تەركىب بولغان مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوبيېكتىپ بولىدۇ. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوخشاش قۇرۇلمىغا ئىگە. ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي تەركىبى ھېسابلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە تېگىشلىك ئەمگەك ماھارىتىگە ئىگە ئەمگەكچى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئاساس قىلغان ئەمگەك ۋاسىتىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا كىرگۈزۈلگەن ئەمگەك ئوبيېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغانغا ئوخشاش، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ ئەمگەكچى (ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار)، ئەمگەك ۋاسىتىسى (ئەسۋاپ-ئۈسكۈنە، كىتاب-ژۇرناللار) ۋە ئەمگەك ئوبيېكتى (ئەمەلىيەت جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەتقىقات تېمىسى) دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈچ ئامىلى يەنى ئەمگەكچى، ئەمگەك ۋاسىتىلىرى ۋە ئەمگەك ئوبيېكتى رېئال، ئوبيېكتىپ نەرسىلەردۇر. مەنىۋى ئىشلەپ-

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1- توم، 51- بەت.

چەقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىپادىلەشتىكى تىپىك گەۋدىلىك تەرەپ شۇكى، ئىنسانلار تۇغۇلۇش بىلەنلا تەييار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى شارائىتىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنى خالىغانچە يارىتالمايدۇ ۋە ئەركىن تاللىيالمايدۇ. دېمەك، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ.

مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئوبيېكتىپ بولىدۇ دېگەندە شۇ نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇكى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمگەكچىلەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىلمىي خىزمەت جەريانىدا مۇئەييەن شەكىلدە ئۆزئارا بىرلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى ئۇلار ئومۇمىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، يەنى ئوبيېكتىپ ماددىي مۇناسىۋەت ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمگەكچىلەر ماددىي مۇناسىۋەت ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ. شۇڭا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى قانداق بولسا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر پۈتۈن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ جەريانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ھامان ئىجتىمائىي شەرت-شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ. مۇئەييەن شەكىلدىكى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا مۇئەييەن بىر ئىجادىيەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشى، مۇئەييەن مەنىۋى بايلىق يارىتىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق بىر يېڭىلىقنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشى ۋە خالىغانچە مەنىۋى بايلىق يارىتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ دەل مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ۋە مۇئەييەن قانۇنىيەتنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە تەرەپنىڭ چەكلىمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ: بىرىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنداق ئوبيېكتىپ ئېھتىياج ئەمەلىيەتتە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتىلغان ئوبيېكت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىش دەرىجىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى كونكرېت ئوبيېكت ئۆز قانۇنىيىتى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى نۇرغۇن شەيئىلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئوبيېكتىپ شارائىت تەمىنلىگەن ماددىي ۋاسىتىلەر ۋە تېخنىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. تۆتىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش يەنە ئۆزىنىڭ شەرت-شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە، يەنى مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، سىنىپىي ئىدىيىسى ۋە فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋاللار جەمئىيەتتە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانداقتۇ قانۇنىيەتسىز، تەرتىپسىز، خالىغانچە بولىدىغان پائالىيەت بولماستىن، بەلكى قانۇنىيەتلىك، تەرتىپلىك بولغان ۋە مۇئەييەن تەرەققىيات يۆنىلىشى گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان ئوبيېكتىپ

پائالىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نەتىجىسى ۋە ئاخىرقى ئۈنۈمى ئوبيېكتىپ بولىدۇ. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۆزىنىڭ نەتىجىسى جەھەتتە يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، كەشىپ قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، ئەمما بىلىشنىڭ مەزمۇنى ۋە دىئالېكتىكىلىق جەريانىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق بىلىش ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكتنىڭ بىرلىكىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ئاساسلىقى، ئەمەلىيەتكە قايتىشى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا تەدبىقلىنىشى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتىشى لازىم. بۇ جەرياندا ئۇ ماددىي كۈچكە ئايلىنىپ قالماستىن، بەلكى رېئال ماددىي نەتىجىلەرنىمۇ بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە تەرەپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ: بىرىنچىدىن، مەنىۋى مەھسۇلات ئوبيېكتىپ ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە. ئۇ بەلگىلىك جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىش بىلەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدا رېئال ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەنىۋى مەھسۇلات ئامما تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن، ئۇ ئاممىنىڭ رېئال پائالىيىتىگە، يەنى دۇنيانى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە ئايلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى ئاممىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق رېئال دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىپ، رېئال ئۆزگىرىشلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نەتىجىسى ۋە ئاخىرقى ئۈنۈمى ئوبيېكتىپ بولۇپ، ئۇ رېئال تەسىرلەرنى ۋە رېئال ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

3

مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنى مۇنداق ئىككى جەھەتتە روشەن كۆرگىلى بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش گەرچە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى چېتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان تەركىبلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە مۇھىم قىسمىنى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىدىغان تەشەببۇسكار پائالىيەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئىلىم - پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق تەرەپلەر يەنە بىر تەرەپنىڭ يەنى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي ۋەزىپە قىلمايدىغان ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات قاتارلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشكە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۈتۈن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پۈتۈن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، XVIII ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا ئەنگلىيىدە يىپ ئېگىرىش ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سانائەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، مۇھىم سانائەت تارماقلىرىدا قول ئەمگىكىنىڭ ئورنىنى ماشىنىلار ئىگىلەپ، ئىپتىدائىي كاپىتالىزمنىڭ مانۇفاكتۇرا سانائىتى ماشىنا سانائىتىگە تەرەققىي قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشىدا قولغا كەلتۈرگەن پەن-تېخنىكا ۋە باشقا جەھەتتىكى يېڭىلىقلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە تەدبىقلىنىش بىلەن پۈتۈن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرىدىغان ماددىي كۈچكە ئايلاندى. شۇڭا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى بۇنداق مۇھىم ئورنىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم ئورنى ئەمەلىيەتتە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغاندا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغىلى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش لازىم. خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مۇقەررەر ھالدا ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ سانى، سۈپىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دەرىجىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەنىۋى ئېھتىياج قانچە يۇقىرى بولسا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمگەكچىلەرنى شۇنچە كۆپەيتىشكە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى شۇنچە ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىر تەرەپتىن، مەنىۋى ئېھتىياج مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئورنىنى ماشىنىلارنىڭ ئېلىشى مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، بىزدە ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ھازىر زور كۆلەمدە تەربىيىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، 80-يىللار بىلەن 90-يىللار ئارىسىدا ئېلىمىزدىكى زىيالىيلار تەخمىنەن 25 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بۇ سان جۇڭگودەك چوڭ دۆلەتتە، بولۇپمۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلانغان ھازىرقى كۈندە ھەرگىز كۆپايە قىلمايدۇ. شۇڭا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈم ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئىككىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ شانلىق نەتىجىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، يەنە بىر پۈتۈن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى جانلاندۇرۇش، ئەمەلىيەتتە، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش-

تىكى مۇھىم بىر ھالقا ھېسابلىنىدۇ. لېكىن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىر قەدەر سۇس بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچىلەردىن باشقا، يەنە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىنى ۋە ۋاستىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر پۈتۈن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمگەكچىلەرنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىنى ئېچىش قاتارلىق تەرەپلەرگىمۇ چېتىلىدۇ. شۇڭا بىر پۈتۈن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئوبيېكتىنى كېڭەيتىش، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى يېڭىلاش ۋە ئۇنى ئەڭ يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش ھەمدە مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىنى ئېچىش قاتارلىق تەرەپلەرگە بىردەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، بىر پۈتۈن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ۋە مەخسۇس كەسپىي ئورگانلار بىلىم ۋە تېخنىكا خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ھازىر دۇنيادا دۆلەت دەرىجىلىك ۋە دۆلەتتىن ھالقىغان بىر قىسىم چوڭ كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئۆزگەرتمەكتە. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش گورۇھىدىن تەپەككۇر گورۇھىغا قاراپ ئۆزگىرىش ياساپ، قانداق قىلغاندا يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقى، قانداق قىلغاندا باھا ئۈستۈنلۈكى ۋە سۈپەت ئۈستۈنلۈكىدىن تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىگە ئۆتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە ۋە تەدبىر قوللانماقتا. مەسىلەن، ياپونىيىدىكى 50 چوڭ تىپتىكى كارخانىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئېچىش ئىشىغا سالغان مەبلىغى ئۇلارنىڭ ئۈسكۈنە ۋە مەھسۇلاتقا سالغان مەبلىغىدىن ئېشىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلار يۇقىرى تېخنىكىنى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىشنىڭ «ئاچقۇچى» دەپ بىلگەن. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئالدى بىلەن پەن ـ تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار كۆز ئالدىدىكى ئىنتايىن كىچىك مەنپەئەت بىلەن چەكلىنىپ قالماي، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزاق ستراتېگىيىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، پەن ـ تېخنىكىغا مەبلەغ سېلىشنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە ئىگە بولغىلى ۋە بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا تەتبىقلاش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئېھتىياج بىلەن تەتبىقلاشنى ماسلاشتۇرۇش لازىم. چۈنكى تەتبىقلاش بولمىسا، ئېھتىياجمۇ بولمايدۇ. تەتبىقلاش قانچە ئۈستۈن بولسا، ئېھتىياجمۇ شۇنچە ئۆسۈپ بارىدۇ. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجنى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى تەتبىقلاش بىلەن قاندۇرۇش مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم بىر شەرت ھېسابلىنىدۇ. تېخنىكا مەسىلىسى ماھىيەتتە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى تەتبىقلاش مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەھسۇلاتلىرىنى تەقسىملاش قەدىمىنى ئالماشتۇرۇش بىر پۈتۈن ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش بىلەن باغلىنىشلىق بولغان زور مەسىلە. بەشىنچىدىن، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ئەمەلىي ئىلھام بېرىش كېرەك. ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ئىلھام بېرىشتە، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ماددىي جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشتىن باشقا، يەنە ئۇلارنى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەرپىيات ئىزدىنىش شارائىتى ۋە تۈرلۈك ماددىي شارائىتلار بىلەن تەمىنلەشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا دادىل ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش كەيپىياتىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىلىم ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ روھىي قابىلىيىتىنى قوزغىتىشقا زېمىن يارىتىپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىجادىي ئەمگەكنىڭ ئۆزىنى نەزەردە تۇتماي، نوپۇز ۋە مۇناسىۋەتكە قارايدىغان، باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئىنكار قىلىپ، ھوقۇق ۋە مەرتىۋىنى پەش قىلىدىغان روھىي كېسەلنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىجادچانلىق روھىنى جانلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەقلىي تۈردە تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

# زامان ۋە زامانىۋى ئادەم

ئىسلامجان شېرىپ

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، دۇنيا مىقياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن زامانىۋى ئادەم بولۇشنىڭ شەرتلىرى، ئاساسلىقى، ئادەمنىڭ ئۆزىنى يېڭىباشتىن بىلىپ يېتىپ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش بويىچە يۈكسەكلىككە ئىنتىلىشى سۆزلىنىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ كېتىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۆتكەن تارىخنىڭ ھەرقانداق باسقۇچىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى پەيدا قىلغان زىلزىلىلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان تەسىرى بىلەن يەر شارىنى قاپلىدى. ئۇنىڭ دولقۇنى ئىنسانىيەت ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھادىسىسى بولدىكى، ئۇ تۈرلۈك تۈزۈمدىكى تۈرلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي يۇلتۇزى بولۇپ، ھەممە كىشىنى نۇرانە ئېچىپ يۇلتۇزغا — XXI ئەسىرگە تەلپۈندۈردى. تۈرلۈك ئەللەردە، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن كېتىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدا مۆلچەرلىگۈسىز نۇرغۇن دەرىجىدە يۇقىرى سەكرەش ھاسىل قىلىپ، ئادەمنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تەبىئەت ياراتقان ئادەمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى بەردى. كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىغان بىخەستە ھەم بىخۇتلارنى تارىخ ئىقتىدىن شاللىۋېتىدىغان ۋە ئەقىل ھەم بىلىم بايلىقىنى ھەر قاچان لەيلىدىتىپ ماڭىدىغانلارنى قەدىرلەيدىغان ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق ئىمكانىيەتلەر بويىچە قانات يايغان ئىقتىدار رىقابىتىنىڭ ئومۇمىي سىگنالى. خۇكخۇا ئىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت ئاساسىدا يەنە 100 يىللىق گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىشى زامانىۋىلاشتۇرۇش دۇنياۋى ئېقىمىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بەختلىك بىر دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىمىزنىڭ بەلگىسى. بۇ ماقالىدە، مۇشۇنداق رىقابەت ئاستىدا شەكىللىنىۋاتقان بەختلىك پۇرسەتلەرنى بەختسىز مىنۇتلارغا ئايلاندۇرۇۋەتمەيدىغان زامانىۋى ئادەملەردىن بولۇش ئۈچۈن، زامانىۋىلاشتۇرۇش دولقۇنى بەرگەن ئىمكانىيەتلەرنى تېخىمۇ تولۇق تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئىنسانلىق كامالىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش، زاماننىڭ

مۇسابىقىلىرىدا مۇناسىپ ھالدا ئىدىيە، مەيدان ۋە مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ئۇسۇللىرىنى ئۆستۈرۈش، بولۇپمۇ روھىي دۇنيادا ئادەم بولۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەرتىۋىگە قاراپ قەدەم تاشلاش ھەققىدىكى بەزى پىكىرلەر سۆزلىنىدۇ.

## 1

زامانىمىزنىڭ سترېلكىسى XXI ئەسىرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىز ھەقىقەتەن بەختلىك بىر دەۋرگە قەدەم قويدۇق. بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆرلەۋاتقان ۋەتىنىمىزگە خىزمەت كۆرسىتىدىغان سىناق مەيدانلىرىدا جەۋلان قىلالىغانلىقىمىز ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىي دولقۇنىغا كۆكرەك كېرىپ يۈزلەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھازىرقى زامان تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ كونسايىن يېڭىلىنىپ تۇرغان ئەھۋالىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىزدىنىش ۋە ھەقىقەتنى بىلىش جەريانىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلارغا نەزەر تاشلاپ، مەنىۋى جەھەتتىكى قىياپىتىمىزنى يېڭىلاپ، ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھازىرقى زامان دۇنياسىنى ئەقىل قۇدرىتى بىلەن تىزگىنلەيدىغان زامانىۋى ئادەملەردىن بولۇشنىمۇ ئەخلاقىي بۇرچىمىز دەپ بىلىمىز.

دەرھەقىقەت، ھەر زاماندىكى ھەر خىل مىللىي ئىنگىلىك شۇ زامان ئېتىبارىدىكى ئىلغار مىللىي روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان مەنىۋىيەت جەھەتتىن تەمىن ئېتىلگەندە گۈللىنىدۇ. ھەرقانداق دۆلەت، مىللەت ياكى شەخس مەنىۋىلىكنىڭ ئالدىنقى ئامىللىرى بولغان ئىناقلىق، ئەخلاق، بىلىم، ئۇچۇرنى ھەمدە ئەقىل بايراقدارلىرىنى ئۇلۇغلاش ھەم جانلىق تەتبىقلاش ئارقىلىق ھالاكەت تەرەپتىن گۈللىنىش تەرەپكە ئۆتىدۇ. ھازىرقى كۈندە، كىشىلەر نادانلىق ئالۋاستىسى — ساۋاتسىزلىق ۋە مەدەنىيەت بىلەن زىتلىشىدىغان جاھىللىقتىن ئادا ـ جۇدا بولغاندا، كېلەچىكىمىزنى ئىلاھىي تەقدىر ئەمەس، پاراسەت ھەم ھەرىكىتىمىز بەلگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بىلىپ يەتكەندە، كونىلىقنى ساقلاشتىن يېتىپ كېلىدىغان ھالاكەت تەرەپتىن يېڭىلىق يارىتىشتىن بارلىققا كېلىدىغان گۈللىنىش تەرەپكە ئۆتەلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ زامان تەلىپىدىكى ئۆزى ئۈستىدە قايتا بىلىش پاراسىتى ۋە ھەرىكىتىدىن ئىبارەت مەنىۋى ئۈستۈنلۈك ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتى ۋە تەقدىرىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. زامان تەلىپىدىن يىراقلاشقان خۇراپىيلىق، ھەتتا زامانىۋى خۇراپىيلىقمۇ كىشىلەرنىڭ بەختىگە زامىن بولىدۇ. مۇشۇلارنى كاللىمىزدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزگىنىمىزدە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىزگە بەرگەن بەختىيار ھاياتىمىزدىكى ئۈستۈنلۈكلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ۋە مەنىۋى قۇدرەتنىڭ بۇلىقى بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش روھىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

سىماچيەننىڭ ئوردىدا جازاغا ئۇچراپ «تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىشى، سۇن بىڭنىڭ

ئېپىگىنى كېسىۋېتىش جازاسىغا ئۇچراپ «ئۇرۇش ئۇسۇلى» نى يېزىشى، يىتخوۋېننىڭ گاس بولۇپ قىلىپ داڭلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىشى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئوردا سىقىلىشى ئارقىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشى ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋردىكى كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىش روھىنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان. بۈگۈنكىدەك رىقابەت زامانىدىكى ئالاھىدە ئىنتىلىش روھى ھەرقانداق خەلق ۋە شەخسنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ.

ئادەمگە ئۇلۇغلار ئالدىدا تازىم قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشكە ئىنتىلىشمۇ كېرەك. ئادەمنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن بەخت ھەم خەتەر يوشۇرۇنغان مۇشۇ ۋەزىيەتتە، سىزمۇ كىشىنى دۇنيادا نەتىجىسىز ياشاشتىن ئىبارەت تەتۈر ئاقىۋەتكە قالدۇرغۇچى قالاقلىق، نادانلىق ھەم نادانلىقتىن ئۆسۈپ چىققان قارانىيەت، ساختا شۆھرەت، ھاكاۋۇرلۇق، ئىنساننى گۈزەللىكتىن جۇدا قىلىدىغان ئىناقسىزلىق، غەيۋەت - شىكايەت، ئاراز - ئاداۋەت، ئۆزگىلەرگە زىيان سېلىشتىن باشلىنىپ ئاخىرىدا ئۆزىنىمۇ يوقىتىدىغان ھەسەتخورلۇق، ... قىسقىسى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ۋە زامانىۋى ئادەم بولۇشقا يات چېرىك ئىدىيە ۋە رەزىل ھەرىكەتلەرگە لەنەت ياغدۇرۇپ، ئالغا ئىنتىلىش روھىنى ئۇرغىتىپ، ئەجدادلار قويۇپ بەرگەن ئىلمىي ياستۇقلاردا ئۇخلاشقا يۈگۈرمەي، ئۇنى يېڭى ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن ئېگىزلەپ، كېلەچەك بەختىمىز ئۈچۈن دادىل قەدەم تاشلاشنى ئارزۇ قىلمىدىغانسىز؟ پالچىلارنىڭ سىرلىق ھەم ئېزىتقۇ گەپلىرىگە قارشى كېلەچەكشۇناسلار ئۇلۇغ ئارزۇلار بىلەن ئىجادىيەتكە يۈزلەنگەن، كۆڭلىگە خەلق پۈكۈلگەن، ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاتىغانلارنىڭ كەلگۈسىنى ئۇلۇغلايدۇ.

بىراق، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا زامانىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىگە ۋە ئىجادىيلىققا، ئىلغارلىققا زىت بولغان يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەردىن باشقا، بىزەڭلىك، ئەزمىلىك، ھورۇنلۇق، سۆرەلمىلىك، بوشاڭلىق، ئۆزىنى پەس كۆرۈش، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈش، ئىچى تارلىق، كىچىككىنە ئىشقا ئۆپكىسى يوقلۇق قىلىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتتا توغرا يول ۋە ئۇسۇل تاللىيالماسلىق، ئوبيېكتىپنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغان ئوڭ ھەم «سول» ئىدىيىۋى ئېقىملارغا ئەگىشىپ كېتىپ ۋاقتىنى، پەيتىنى كەتكۈزۈۋېتىش، قىسقىسى، بىلىم، ئەقىل ۋە ئىنسان گۈزەللىكى بولغان ئىناقلىققا قارشى ئاجىزلىقلار تۇرغان شارائىتتا، كۈچلۈك ئىنتىلىش روھى بىلەن زامانىمىزنىڭ مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە رېكورت يارىتىدىغانلاردىن بولالمايمىز. سالتىكوۋ شىدرىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ھاياتىنى يىرگىنچلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ يولى تولا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەشەددىيسى ئىنساننى پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاش، «مەن»نى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۆزىدە مەنىۋىيەتنىڭ ھەرقانداق دولقۇنىنى بەربات قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ سىرلىق ھاياتىنى قورساقنىڭ غېمىدە مېڭىش ھەمدە ھەر قاچان بىكار كۈن ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇشتۇر.» روشەنكى، پىسخىك ھەم پەزىلەت ئاجىزلىقلىرىمىزغا ئۆزىنىلا ئويلاش ۋە قورساقنىڭ غېمىدىلا يۈگۈرەپ يۈرۈش، «مەن»نى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش قوشۇلسا، بىزنى راھەت - پاراغەتنى قوغلاشقۇچى ھايۋانىي غايىنىڭ قۇلى قىلىۋېتىش مۇمكىن.

سوتسىيالوگلار: ئىجتىمائىي تەرەققىيات، ئاخىرقى ھېسابتا، ئادەمنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپكى سەۋەبكارى ئادەم، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات؛ ئادەم تەرەققىي قىلمايدىكەن، قالغان جەھەتتىكى تەرەققىياتلار تېزلا پۇختا، ئىشەنچلىك بولمايدۇ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش تولۇق ئەمەلگە ئاشمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز سوتسىيالوگلارنىڭ ھۆكۈمىنى ئويلىنىشىمىزدا، پىسخىك ئاجىزلىقلارغا جىددىي قارىمايمىز؛ ھەقىقىي ئىنسانلىق مەسئۇلىيىتىگە بولغان سېزىمچانلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ زامانغا يۈزلىنەلەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ دۇنياغا ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى قايتا بىلىپ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنەلەيمىز.

2

زامانىمىز ئۆتۈپ كەتكەن دەۋرلەر بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقان زاماندۇر. ئۆتمۈشكە نەزەر سالىدىغان بولساق، قەدىمكى زامان ئىككى قاتتىق سىنىپىي توقۇنۇشلارغا يارىشا جەڭلەرگە كىرىشىش باشقا، چوڭ تەبىئەتكە باش ئېگىش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئىكى ئىدى. يېقىنقى زامان ئىككى كاپىتالىستلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن باشقا، چوڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە چوڭ تەبىئەت بويسۇندۇرۇلسىلا ئىنسانىيەت خاتىرجەم كۈن كەچۈرەلەيدۇ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ھازىرقى زامان ئىككى قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى مۇزېي قىلغان ھالدا ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى ئالەمنىڭ تەقدىرى بىلەن ئورگانىك باغلىدى؛ ئىنسانىيەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ماددىي، بەدەنىۋى، مەدەنىيەت تارىخىدىكى يادنامىلار ئۈستىدە تاللاش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى يېڭىچە مىللىي روھتا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بەلگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن زامانىمىزدا باشقا ھېچقانداق دەۋرلەرگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىكلەر پەيدا بولدى.

كېلەچەكشۇناسلارنىڭ پەرىزىچە، زامانىمىزدا شەكىللىنىپ بولغان ئۆزگىچىلىكلەر ئۇزاققا بارماي تۆۋەندىكىدەك يېڭى ئالاھىدىلىكلەر بويىچە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ:

بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆسىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت مىسلىسىز دەرىجىدە ئازاد بولىدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. خۇددى سانائەت ئىنقىلابىدەك «كىمىكى ئەقىلسىز بولسا، ئۇ ئادەم ئەمەس، ھايۋان» دېگەن ئەقىدە تىكلىنىپ، ئادەمنى ھەرقايسى تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمىدىن ئۆلچەشتىن باشقا، ئەقىل ھەم بىلىم بىلەن ئۆلچەش تارازا بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا بۇرۇنقى زامانلاردىكىدەك كاپىتاللا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىماستىن، بەلكى ئۇچۇر، بىلىملەر ۋە يېڭىلىق يارىتىش پاراسىتىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىلىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە، رىقابەت قابىلىيىتىگە ۋە ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلىغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كاپىتالغا

چوقۇنۇشىنىڭ ئەقىل ۋە ئەخلاق مىزانلىرىغا قىلىدىغان بۇزغۇنچىلىقلىرى چەكلىنىپ، زامانىۋى ئاڭدىكى بىلىملىك ئادەمگە، مىللەتكە ئايلىنىش بەيگىسى كۈچىيىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجادىي بولغان ئەقلىي پائالىيەت كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولىدۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى جەمئىيەتنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى كىچىكلەيدۇ.

تۆتىنچى، كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلىدىغىنى كەلگۈسىدىكى ئۇچۇر ئۆزگىرىشى بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىك دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە، سانائەتلىشىش دەۋرىدىكىگە ئوخشاش كۆز ئالدىدىكى ئېھتىياج بولمايدۇ.

بەشىنچى، ئۇچۇرلىشىش كىشىلەرنىڭ زامان، ماكان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇچۇر ۋاسىتىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسى كۈنسايىن كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر خۇددى دۇنيا چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ، بىراق ئۇچۇرلارنىڭ باغلىنىشى قولايلىق ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك بولغانلىقتىن، كىشىلەر دۇنيا چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتتىن دۇنيا كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا ئۆتىدۇ؛ خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى بىلەن بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بۇيۇملار زور دەرىجىدە كۆپىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ۋاقىت بىرلىكى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ، ئەمما بىر تۈرلۈك خىزمەتنى ئورۇنداشقا كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ زور دەرىجىدە ئازلاپ كېتىشى بىلەن ۋاقىت بىرلىكى بارغانسېرى قىسقىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا ئۆتىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇچۇرلىشىش كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ. كىشىلەر ئەمدىلىكتە قىممەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ماددىي بۇيۇملارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن، ئادەمنىڭ قۇدرىتىنى ئادەمنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىمەيدۇ، بەلكى قىممەتنى ئۇچۇر، بىلىم، ۋاقىتنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن، ئادەمنىڭ قۇدرىتىنى ئۇزاق ياشاشتىن توغرا ياشاشنى قەدىرلەيدىغان ئەقىللىق ئادەملەر سانى بىلەن ئۆلچەيدۇ.

يەتتىنچى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەلگۈسى جەمئىيەت كۈندىن - كۈنگە بىلىملىشىش تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىدۇ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر كۈندىن - كۈنگە ئەقلىيلىشىش تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ئومۇمىي ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ. ھالبۇكى، بىلىملىشىش ۋە ئەقلىيلىشىشنىڭ ماھىيىتى ئىجادچانلىق بولغاچقا، جەمئىيەت بارغانسېرى ئىقتىدارلىق ئىجادىي ئادەملەرگە مۇھتاج بولىدۇ.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، ئادەم بىلەن تېخنىكىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى سەۋىيىدە بىرلىكىشى ھاياتلىق دۇنيامىزغا بولغان تەلەپنى مىسلىسىز دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى، بۇنىڭ بىلەن زامانىمىز يېڭى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن، بۇنداق تەلەپكە ئۇيغۇنلاشقۇچىلارنىڭ ھاياتلىق ئۈنۈمى، ھاياتىي كۈچى، رىقابەت قابىلىيىتى، ياشاش ئۈستۈنلۈكى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ، كۈچىيىپ، تاكامۇللىشىپ بارىدۇ، ئۇيغۇنلاشمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى توختاپ قېلىش،

www.uyghurkitap.com

قالاقلىشىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنى بەربات قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق مىللەت ۋە شەخس ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھەقىقىي ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، زامانىمىزنىڭ ئادەم ھاياتىنىڭ فورماتسىيىسىگە ۋە ھاياتلىق ئۇنۇمىگە بولغان تەلىپى بويىچە يېڭى مۇسابىقىگە چۈشۈشى كېرەك.

بىز يەر شارى بويىچە ئادەم پاراسىتىدە تۈرلۈك ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ۋە بۇنداق ئۆزگىرىش بارغانسېرى جىددىيلىشىپ ئارقىدا قالغانلارغا تەھدىت سېلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، زامانىۋى ئادەم بولۇش مۇسابىقىسىغا چۈشكەن بولساقمۇ، لېكىن ئارىمىزدىكى بەزىلەردە ساقلىنىۋاتقان قاتماللىق، ھورۇنلۇق، ھەسەتخورلۇق، بارىغىلا شۈكرى قىلىدىغان قانائەتچانلىق، قىيىنچىلىقتىن قورقىدىغان جىگەرسىزلىك، كەلگۈسى ھاياتنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇشقا ئىنتىلمەيدىغان ئۈمىدسىزلىك، ئىجادىي ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ۋە ياخشىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشتىن ھەمدە جاھالەت بولۇتلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان جان باقارلىقتەك پاسسىپ پىسخىك ئاجىزلىقلارمۇ ياندىن كۈچ كۆرسىتىپ، خەلقىمىزنىڭ جۇشقۇن روھ بىلەن دۇنيانىڭ ئىقتىدار بەيگىسىگە چۈشۈشىگە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلىشىغا دەخلى قىلماقتا. بۇنداق پىسخىك ئاجىزلىقلارنى كۆرمەسكە ياكى كۆرسەكمۇ كۆرمەسلىككە سالساق، زامانىمىز بەرگەن ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنالمايمىز ـ دە، تەرەققىياتىمىزدا «مۇزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقىچە» دېگەندەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، ھەربىر پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىجابىي ھەم سەلبىي تەرەپلىرىنى يەكۈنلىگىلى بولسىمۇ، ئادەم ئۆز ھاياتىنى ياشاپ بولۇپ، يەنە باشقىچە ياشاش ھەققىدە پىلان تۈزەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يىلى ۋە ئېيىغىلا ئەمەس، ھەر كۈنى، ھەر سائىتىگىمۇ ھاياتلىقنىڭ ئۇنۇمى، قەدرى ـ قىممىتى جەھەتتە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا جاۋاب بېرىپ تۇرىدۇ. دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى بولغان يۇنان ئاگامىنون ئىبادەتخانىسىغا تۇرغۇزۇلغان قەبرە تېشىغا: «ھەي ئادەم، ئۆزۈڭنى بىلىپ يەت» دېگەن سۆزنىڭ بۇرۇنقى زاماندىلا ئويۇپ قويۇلۇشى شۇ زاماندىكى دانىشمەنلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەتراپلىق بىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتكەنلىكىدىن بولغان. بىزدە «ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىش ئەڭ قىيىنچىلىك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار، بۇ سۆزنى ماۋزېدۇڭمۇ قايتا تەكىتلىگەن. شۇڭا، بىز مۇشۇنداق ئۇزاق تارىختا ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن ئۆزىنى ئەتراپلىق بىلىش بويىچە پىسخىك ئاجىزلىقلىرىمىزغا نەزەر سالىمىز.

پىسخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى زاماندا كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان جاھاندار پالۋانلار، دىنىزاۋۇرغا ئوخشاش ئاغزىدىن ئوت چاچىدىغان دەھشەتلىك ياۋايى ھايۋانلار، ئىنسانلار ئىلىم بىلەن قوراللىنىشتىن ئاۋۋالقى بوي ئەگدۈرگىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ياكى ئاندا ـ ساندا بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ روھىنى بۇلغاۋاتقان ناچار پىسخىك ھالەتلەردۇر. پىسخولوگلارنىڭ بۇنداق قاراشلىرىنى تۇرمۇشىمىزدىكى ۋەقەلەرگە

سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، ئارىمىزدا دۇنيادا بولۇۋاتقان ئاجايىپ يۈكسىلىشلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆلەر - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان، مەيدانغا كەلگەن بىرەر ياخشى ئىشقا چىن دىلىدىن خۇشال بولمايدىغان، بىرەر يامان ئىشقا خاپىمۇ بولۇپ كەتمەيدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ئالىيجانابلىق بىلەن شەرمەندىلىك ئوتتۇرىسىدا لىغىلداپ تۇرۇۋېلىپ «يېنىمدا كىم تۇرسا چىرايلىقىم شۇ، بېشىمغا كىم سىلىسا ماشايىقىم شۇ» دېگەننى ئەقىدە قىلىۋېلىپ، بىرسى: «باشقىلار سومكا كۆتۈرسە، بىز دېگەن خورجۇن يۈدىدىغان خەق، ياخشى نەرسىلەرنى خورجۇننىڭ ئالدىغا سېلىپ، يامان نەرسىلەرنى خورجۇننىڭ ئارقىسىغا سېلىۋېتىپ، خورجۇننىڭ ئالدىنى كۆرۈپ، كەينىنى كۆرمىسەكلا ئۆمرىمىز ئۇزۇن بولىدۇ» دېسە، يەنە بىرسى: «ئاغزىڭغا ناۋات، ئادەم دېگەن مانا سەندەك بولسا ئۇزاق ياشايدۇ، بۈگۈن كۈن ئۆتسە، ئەتىسىگە خۇدايىم بار ئەمەسمۇ؟» دەپ دوست تارتىدۇ. ئۇلار ئاشۇ ئەقىدىسىنى ئاساس قىلىپ، ئەتراپىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇۋاتقان گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ئالىيجانابلىق بىلەن شەرمەندىلىك تەرەپلىرىنىڭ قايسىسى كۈچلۈك بولسا، شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. ئىستىقبالىمىزنى يورۇتۇۋاتقان پارتىيىمىزگە ۋىجدان بىلەن ئەقىدە قىلماستىن، «يا خۇداغا بەندە ئەمەس، يا شەيتانغا لاخشىگىر» دېگەندەك، ئۆمرىدە يا بىر كىشىنى خۇش قىلمايدىغان، يا بىر كىشىنى خاپا قىلمايدىغان، قاياقتا پايدا بارلىقىنى بىلسە، ئاچكۆزلۈك بىلەن شۇ ياققا ئىنتىلىپ يۈرىدىغان، بۈگۈن قورسىقىغا ئاش بەرگەن ۋاپادارنى ئەتىسى بىر ناننى ئارتۇق بېرىدىغان يەنە بىرسىگە تەڭ قىلمايدىغان، مۇبادا بىرەر نەپ ئالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتسىلا، ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشمايلا مۇشتلىشىپ بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ قولىدىكى ناننى تارتىۋېلىشنىلا ئويلايدىغان بۇنداق كىشىلەر كۆپىيىپ كەتسە نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە؟!

— دوزاقنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جايلىرى بۈيۈك مەنىۋىلىكنى سىنايدىغان مىنۇتلاردا بىتەرەپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە قالدۇرۇلغان، — دېگەنىدى ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىكى ئۇلۇغ شائىر دانتى. بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئىنسانپەرۋەرلەر تەرىپىدىن قارشى تۇرۇلغان بۇنداق بىتەرەپلىك بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەردە ئۆز پېتىچە ھەتتا ئۇنىڭدىن بەكرەك ھارامزادىلىك بىلەن ئىپادىلىنىۋاتسا، بىز پىسخىك ئاجىزلىقلار كەلتۈرىدىغان بالايى - بەتەرلەرنى تۆۋەن مۆلچەرلىيەلەمدۇق؟

بىز بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەتسىزلىك ئاساسىدىكى پىسخىك ھالەتكە قاراپ باقايلى، بۇنداق پىسخىك ھالەتنى كۆزگە كۆرۈنگەن ماددىي نېمەتلەرگىلا قارايدىغان ئاچكۆزلۈك دېمىگەندىمۇ، يېڭى تىپتىكى مەدەنىيەت بىلەن زىتلىشىدىغان تەتۈرلۈك دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، بۇ ھالەت ھەر كۈنى دېگۈدەك كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ، پەنگە، زامانغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشكە كاشىلا بولماقتا. بىزنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەسلىكىمىز، ھېچبولمىغاندا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەسلىكىمىز، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزدىكى ئاشۇ ئىللەتلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

ئالايلۇق، مەدەنىيەتنى پەس كۆرۈش روھىي ھالىتى؛ بىزدىكى بەزى كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىگە دەما ئالمىقتا ئىستېمال قىلىش ئىنتىلگەنلىرى بىلەن قاراپ، ئۇنى ئېلىشقا يېتىشكە بولىدىغان نانغا ۋە ياكى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان بىر ئوتلام سۇغا ئوخشىتىدۇ. مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يەر تېرىش، باغ ئېتىش، مال بېقىش، تىجارەت قىلىش، كۆندىلىك خىزمەتلەرنى ياخشى قىلىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، پۇل خەجلەپ بالا ئوقۇتۇش ۋە ئۆزى ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىتاب ئوقۇش «گۈل كۆتۈرمەيدىغان ئىش». شۇڭا، يېزىلاردا ۋە شەھەرلەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا ئوقۇتقۇچىلار ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە چاقىرىپ كېلىدۇ. باشقىلاردا ماتارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانلىرى جىددىي ئورۇنلىنىۋاتسا، بىزدە تېخى ساۋاتسىزلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، بۇنداق ئەھۋاللار مەدەنىيەتنى پەس كۆرۈش پسىخىكىسىنىڭ بىزدە يەنىلا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يەنە ئالايلۇق، مەدەنىيەتتىن قورقۇش روھىي ھالىتى، بىزدە بىلىمگە تەشنا ھەم مەدەنىيەتنى قەدىرلەيدىغان زور بىر تۈركۈم ئالىملار بار. بۇلار خەلقىمىزنىڭ غورۇرى. ئەمما، زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى تەنقىدىي يوسۇندا يېڭىباشتىن رەتلەشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار ئۆزلىرىنى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىن قاچۇرۇپ، خاتىرجەم يۈرمەكتە. 70 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆتۈرۈلگەن «مەدەنىيەت ئەسقاتمايدۇ»، «كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق» دېگەن تەتۈر قۇيۇننىڭ تەسىرى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە.

مەدەنىيەتكە يات بولغان يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەر تۈزىتىلمىسە، باش شۇجى جياڭ زېمىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئېيتقاندەك: «پۈتۈن مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش»نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنداق قالاق ۋە بىكىنمە پسىخىك ھالەتتىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولمىغان، «قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈككە ئىگە بولمىغان مىللەتنى دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، توختاپ قېلىش نۇقتىسىنىڭ ئەزەرىگە، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىق نۇقتىسىنىڭ ئەزەرىگە، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ تۆۋەن ھالىتىدىن مەغرۇرلىنىدىغان ۋە قانائەتلىنىدىغان تەلۋىلىك نۇقتىسىنىڭ ئەزەرىگە خاتىمە بېرىشىمىز، پسىخىكىمىزدىكى قالاق تەرەپلەرنى تۈگىتىشىمىز، مەنىۋى تۈۋرۈكىنى ھازىرقى زامان ئېڭى ئۈستىگە قۇرۇشىمىز، زامانىمىزنىڭ ئىقتىدارلىق ئادىمى بولۇپ ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى سوراش ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، زامانىۋى ئادەملەر ئۆلچىمىگە يېتىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

### 3

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمىزدە، بەزىلەر بىردەم ئەنئەنىۋى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئۇسۇلىنى ھازىرقى زامان ئادەملىرى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك دەپ تۇرۇۋالسا، يەنە

يەزلەر رېئال ھاياتىمىزدىن ھالقىپ تېخى بىز بارمىغان كەلگۈسى جەمئىيەتتە ياشايدىغان ئادەملەر توغرىلىق ئۇتوپىيە قىلىپ يۈرىدۇ. بۇنداق قاراشلار ئۆز نۆۋىتىدە، مەلۇم ئاساسلارغا ئىگە ۋە ئۆزىمىزنى چۈشىنىشتە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، زامانىۋىلاشقان ھازىرقى ئادەملەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى بويىچە تەربىيىلىنىش بىز ئۈچۈن ئەڭ جىددىي بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشنى ئالدى بىلەن ھازىرقى رېئال زامانىۋى ئادەملەرنى توغرا بىلىش بويىچە توغرىلايمىز، ئەلۋەتتە.

چۈنكى، بۈگۈنكى ئادەملەر تۈنۈگۈنكى ئادەملەر ئەمەس، ئەتىكى ئادەملەرمۇ بۈگۈنكى ئادەملەردەك بولمايدۇ. ئەتىكى ئادەملەردىن بولىمەن دەپ، بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرۇشنى ئويلىمايدىغان ئادەملەر ئاز بولسىمۇ، ئۇنى پەقەت كەلگۈسى بىر گىگانت ئوبراز تەرىقىسىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، شۇنداق بولۇشقا ئىنتىلىدىغان يۈزلىنىش ئوبيېكتىپ قىلىپشقىلا بولىدۇكى، شۇ ھامانلا شۇ تەسەۋۋۇردىكى گىگانت كىشىلەرگە ئايلىنىۋالغىلى بولمايدۇ.

دانىشمەنلەر چۈجىنى كۈزدە ساناشنى تەشەببۇس قىلغانىدا، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك خام خىياللاردا بولماي، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى ياخشى قىلىشقا ماھىر بولۇشنىمۇ كۆزدە تۇتىدۇ. مۇشۇنداق ئويلىغاندا، روشەنكى، تاكامۇل ئادەم ئۆتمۈشتىدىكى ئادەملەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ھازىرقى زاماننىڭ تەلىپىدىكى ئىشلارنى كېلىشتۈرۈپ قىلالايدىغان لاياقەتلىك ئادەم، كەلگۈسىدىكى ئادەم بولسا، ئىدىيە، ئېتىقاد ۋە ھەرىكەتتە كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئۇيغۇنلىشىدىغان ئادەمدۇر. ئەمما، كەلگۈسى ئادەممۇ سىرلىق دۇنيا ئەمەس، كىشىلەر زامانىۋى ئادەملەرنىڭمۇ ئەنئەنىۋى ئادەملەر ئوبرازىنىڭ خاتىمىسى ۋە كەلگۈسى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى نىشان قىلىپ قەدەم تاشلىشىنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ھامان، كەلگۈسى ئادەملەرنىڭ زامانىۋى ئادەملەردىن ياتلىشىپ كېتىش ھادىسىسىمۇ كىشىلەر تۇيغۇسىدىن غايىپ بولىدۇ. دېمىسىمۇ، ئارىمىزدىكىلەردىن ئۆتمۈشتە ياشاۋاتقانلار يوق، كەلگۈسىگە بېرىپ ياشاۋاتقانلارمۇ يوق. مۇشۇ زامان ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ بىردىنبىر شەكلى.

دۇنيا مىقياسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دولقۇن كەبىي بولىۋاتقانىكەن، دۆلەت، مىللەت ياكى ھەربىر ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىرمۇنچە ئىمپورت قىلىنغان نەرسىلەرگىمۇ مۇھتاج بولىدۇ. زامانىۋى ئادەم بولۇش ئەلۋەتتە دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيەت شەكىللىرى ۋە مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى يارقىنلاشتۇرۇشنى چەتكە قاقمايدۇ، ھەتتا قارشى ئالىدۇ. ئەمما، ئالدى بىلەن ئىمپورت قىلىنغان نەرسىلەرنى ھەزىم قىلغۇدەك ئادەم بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئىمپورت قىلىنغان نەرسىلەرنى دۆلەتلەشتۈرۈش، مىللەتلەشتۈرۈش، سوتسىيالىزملاشتۇرۇش ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈش كويىدا بولماي، ئىمپورت قىلىنغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپلا زامانىۋىلىشىشنىڭ باغچىسىغا كىرىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بىلەن، بۇنداق زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاخىرى بېرىپ، مۇئەللەق راۋاقتا چۈش كۆرگەندەك بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ ياكى چەت ئەللەشتۈرۈش، ئەجنەبىيلەشتۈرۈش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، زامانىۋىلاشتۇرۇشتا بىز ئالدى بىلەن، پىسخىك ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىش ۋە فېئودالىزمنىڭ مەرەزلىرىنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەكىتلەيمىز. ئەمما، زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، مىللىي

مەدەنىيەتنىڭ مېغىزىدىنى، مىللىي خاراكتېرىدىنى، مىللىي غورۇرىنى ئۆلتۈرۈپ، بارلىقى، ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «ئىمپورت» زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مىللىي روھنى تېڭىشتۇرىمىز. ئالايلۇق، بىرەر دۆلەت زامانىۋىلىشىشقا كىرىۋەتكەن بولغانلىقى پەن-تېخنىكىسى چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈش، ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ئۆگىنىۋالغان بولغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى، ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ھەققىدە چەتئەللىكلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى تەقلىد قىلىپ ئىش قىلىشنى ئۆگەنگەن، باشقىلارنىڭ شەيئىلەشكەن تۇرمۇشنىڭ يۈزىدىكى ئۇرۇق سېلىنىش ئارقىلىق، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرمەكچى بولغان بۇنداق دۆلەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەغلۇپ بولدى.

ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەن ۋە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ كېتىۋاتقان دۆلەتلەر ئىمپورت قىلىش پەقەت زامانىۋىلىشىشنىڭ قاشىرقىي ئىككىلىكىنى، بىر دۆلەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىمپورت قىلىنغان نەرسىلەرگە جان كىرگۈزۈپ تۇرغىنىدەك زامانىۋى پىسخىكىنىڭ ئاساسى بولمىسا، ئىمپورت قىلىنغان زامانىۋى نەرسىلەرنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسى، ئىدىيىسى، پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئۆزگەرمىگەن بولسا، زامانىۋىلىشىشنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ياكى غەيرىي نورمال تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. دېمەك، ئادەم زامانىۋىلاشمايدىكەن، ھەرقانداق مۇكەممەل تۈزۈم، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ئىلغار تېخنىكا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ قالاق پىسخىكىلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدىغانلىقى ھازىرقى دۇنيانىڭ كۆپچىلىك مىللەتلىرىدە ئايان بولدى.

بۇنداق ساۋاقلاردىن كېيىن، تەتقىقاتچىلار ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىسىدا كىشىلەر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى، ئاپپاراتلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىرلەشتۈرگەندە باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچىنچە ئالغاندا، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى — ئاپپاراتلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى بۇ ئۈچىنچە بىر-بىرىگە باغلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ ئۈچىنچە قارىغاندا، زامانىۋىلىشىش ھەم ئىچكى لوگىكىيە مەنتىقىسى، ھەم ئىجتىمائىي ئىسلاھات مەسىلىسى بولۇپ، ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىش ئادەمنىڭ پىسخىكىسىنىڭ مەدەنىيەت زامانىۋىلىشىشى بولىدۇ.

ئىنسانىيەت شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى بولمايدۇكى، زامانىۋى ئادەملەرنىڭ تولۇق يېتىلمىگەن دۆلەتلەردىكى يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن، مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشمۇ پەرقلىق بولىدۇ. پىسخىكا خاراكتېر جەھەتتە، باشقىلار بىلەن بىزنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ تۇرىمىز. شۇڭا، ئوخشىمايدىغان تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ پەقەت زامانىۋىلىشىش ئىچىدىلا ئوخشاش بولغان، ئورتاق تەلەپلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى ئادەملىرى توغرىسىدىكى ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇشنى قويۇشلىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش.

ئەمەلىيەتتە ھازىرقى دۇنيادىكى تولۇق ئەللەردە تولۇق تېپىلالايدىغان بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەرەققىي قىلغان بولغان ئەللەرنى ئالمىسىق، ئۇنىڭ كېلىش ۋە داۋىد ئىسمىتلارنىڭ تەلىماتىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، زامانىۋىلاشقان كىشىلەرنىڭ تەرىپىي خىسلەتلىرى ۋە ئىشلارنى قىلدۇرالايدىغان بىر قاتار ئەندىزە، شۇنداق قىلىپ مەلۇم ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەت قىلالايدىغان ئىچكى يۈزلىنىش يىغىندىسى. كېيىنرەك شەخسلەرنىڭ زامانىۋىلىقىنى ئۆلچەيدىغان شەكىل ۋە ئەندىزىلەردە

ئىپادىلىنىدىغان ئۇيغۇر سالى، ئۇنداقمۇ ئەمەس، مۇقەررەر كەپ پەزىلەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ تۇغۇلۇپ بىر خىللا ئۆزگىچىلىك ئەمەس. ئۇلار ھەرخىل شۇنداق ئىقتىدارنى ئاساس قىلىپ، زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك خاراكتېر بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

1. يېڭى شەيئىلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. بۇ زامانىۋى ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت يېڭىلىق يۈزلىنىشىدۇر.

2. ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى ۋە ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. يەنى ئۇلار يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇرمايدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. پىكىر يوللىرى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەھەللە ۋە شەيئىلەرگىلا تەكىتلىۋالمايدۇ، بەلكى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا ئاتالغان پىكىر بايان قىلىدۇ. مەرتىۋىسى ئۆزىدىن ئۈستۈن ۋە تۆۋەن كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئىلمىي، مۇستەقىل ئويلاپ كۆرىدۇ. ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلىماسلىققا سېلىۋالمايدۇ.

4. ۋاقىتقا چىڭ رىئايە قىلىدۇ. رىئاللىققا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىدۇ.

5. ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە تولۇق ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭ قارىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەمنىڭ مۇھىتنى ئىزگىنلىيەلەيدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قولى بولۇپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرنىڭ مونوپوللۇقىغا ئۇيۇشمايدۇ. خىزمەتلەردە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئىستىكىدە بولىدۇ.

6. ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانى بولىدۇ. ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن بىر دەستىن ئاۋۋال شۇ ئىشنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەيدۇ. پىلانسىزلىق بىلەن قارىغۇلارچە يالاقلىمايدۇ.

7. گېپىدە تۇرىدۇ. باشقا كىشىلەرگىمۇ ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ غورۇرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئادەمنى ئەتىۋارلايدۇ.

8. بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدۇ. كاچىلىق قىلمايدۇ، خام خىيالغا ۋە تەلۋىلىكلەرگە سەل قارىمايدۇ. يېڭى بىلىم، بىلىنمىگەن بىلىم ساھەسى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

9. ماتېرىيالنىڭ ئەھمىيىتىنى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان ئۈنۈملۈك ۋە پايدىلىق ۋاسىتە دەپ قاراپ، ماتېرىيال ئىشلىرى ۋە كەسپىي ئىشلىرىدا غايە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ماتېرىيالغا سەل قاراشنى ۋە ئالغۇنى ۋەيران قىلىشنى مىللىي مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە جىنايەت دەپ قارايدۇ.

10. ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھۆنەر-سەنئەتنى مەملىكەتلىك دەرىجىدە ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋە ئۆز كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنىيەتلەرنى بىلىشكە ئاكتىپ ئىنتىلىدۇ.

ئۇلاردا يەنە ئۈمىدۋار بولۇش، ئۆز ئەھۋالىغا بىچەللىك قىلماسلىقتەك پەزىلەتلەرمۇ بولىدۇ.

ئامېرىكىلىق ھاۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا ئىشلار تەتقىقات مەركىزىمۇ ناھايىتى كۆپ تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئون تۈرلۈك خاراكتېرىنى ئوتتۇرىغا

قويغان، ئۇنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىقى ئىككى ئالىمنىڭ قارىشىغا يېقىن كېلىدۇ. پارتىيىمىز بۇ مەسىلىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويدى. «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى قائىدىسى توغرىسىدا قارار»دا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىدىيىۋى، ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، پارتىيىمىز ئادەمنىڭ ئىقتىدار ۋە پەزىلەت قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويغان.

ھازىر جەمئىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىككى چوڭ ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلمەكتە. بىرى، دۇنياۋى تېخنىكا ئىنقىلابى، ئۇچۇر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، پەن ـ مەدەنىيەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئادەمنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدا بىر قەدەر زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ؛ يەنە بىرى، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاكتورىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىدىيىلىرىنى يېڭىلاۋاتىدۇ ۋە بىر تۈركۈم يېڭى ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. روشەنكى، زامانىۋى ئادەملەرنىڭ پەزىلىتى مۇشۇ ئىككى خىل يۈزلىنىش بىلەن باغلىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىزدىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. زامانىۋى ئادەملەر شەخسىي، كوللېكتىپ ۋە دۆلەتنى زىچ بىرلەشتۈرگەن بولىدۇ، ئۇلار دۆلەت مەنپەئىتى ۋە كوللېكتىپ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا، ئۆز مەنپەئىتىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتمايدۇ. ئۇلاردا ئىنتېرناتسىيوناللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق روھى بولىدۇ، ئۇلار تارمەھكەمىچىلىككە بېرىلمەيدىغان، ھەتتا پارتىيىمىزنىڭ سىياسەتلىرىگە باھانە تېپىپ تاقابىل تۇرىدىغان ئىللەتلەردىن خالىي بولىدۇ.

2. زامانىۋى ئادەملەرنىڭ پەزىلىتىدە ۋەتەنگە ۋاپا قىلىش، ئاددىي ـ ساددىلىق، كەمتەرلىك، سەممىيلىك، ۋىجدانلىق، نومۇسچانلىق، راستچىللىق، ئاجىز ـ مەجرۇھ، غېرىب ـ غۇرۋالارنى قوغدايدىغان ھىممەتدانلىق، ئىنساپچانلىق، باتۇرلۇق، جاپاغا باش ئەگمەسلىك، مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل پەزىلەتلەرنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

3. زامانىۋى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە ھەم تارىخ بولىدۇ، ھەم رېئاللىق بولىدۇ. كەلگۈسى تېخىمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي ۋەزىپىسىنى چۈشىنىدۇ. كۈچلۈك ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن ياشايدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم ھەم ئامانلىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. كونا ئاداۋەتلەر ئۈستىدە سەرگەردانلىق قىلمايدۇ، ھەممىدە ئالدىغا قارايدۇ.

4. يېڭىچە شەيئىلەرگە ۋە يېڭى شەيئىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يول ئېچىپ مېڭىش، ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىشقا قارىتا قۇچاق ئېچىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ.

جتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا، تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىقلاردا بولىدۇ، ھەمدە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش بەرگەن، ياكى كۈتۈلمىگەندە كۆرۈلگەن ۋەقەلەردىن چۆچۈپ كەتمەيدۇ. ھەرقانداق شامال چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ توپ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرىدۇ.

5. ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. ئەركىنلىكتە ئىشلەش ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئىقتىدارى بولىدۇ. پىسخىك جەھەتتە باشقىلارغا بېقىنمايدۇ ياكى يۆلىنىۋالمايدۇ، مۇستەقىل ئادەملىك ئىرادىسى، نەپسى بولىدۇ. لېكىن خۇشامەت قىلىشنى ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى پەسەندە قىلىپ، خۇشامەت تاما قىلىشنى ئادەمگەرچىلىكتىن چىققان، ئەخلاقىيات ئىش دەپ بىلىدۇ. تۈرلۈك قىسمەتلەرنىڭ سىناق ۋە بېسىمى بولغان بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ھەر قىلىپ، كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكنى كۆرەش بىلەن يېڭىشقا تىرىشىدۇ.

6. خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى قىيا پىتىنى دۆلەتنىڭ مۇھىم بايلىقى دەپ قاراپ، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كۈچىيۋ مەدەنىيەت تارىخىغا، ئىنسانىيەتنىڭ ئارىلىق مەدەنىي مىراسلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. شۇ تۈپەيلى، بىلىمگە تەشنالىق بىلەن ئۆگىنىدۇ ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كېيىنكىلەر بىلىملەرنىڭ بارلىقىنى ئىگىلەش ئىستىكى بىلەن ئۆمۈرۋايەت ئىجتىھات قىلىدىغان قانائەتلەنمەي توختاپ قالمايدۇ. ئامراتمەدەنىيەتتە تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان يۇرۇشنى روھىي چۈشكۈنلۈك دەپ ھېسابلاپ، قاچان ياكى نادانلىق بىلەن ئۆگىنىدۇ. زامانىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىش يولىدىن قايتمايدۇ. بىلىمگە ۋە ئىقتىدارلىقلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئىلىم ــ پەن ئىچىپ بەرگەن ئۇتۇقلارنى تەتبىقلاپ، نۇنىيەتلەر بويىچە ئىش قىلىدۇ.

7. كىشىلەرگە باراۋەر ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئىنقا بەتلەرگە باراۋەرلىك ئىلاھىيىتى ۋە ھەرتۇسىنى بىلەن قاتتىق ئىشىدۇ. ئىشچىلارنىڭ جىسمانىي ئەمگىكىنى ۋە تېخنىكا تۇرغان دېھقانلارنىڭ پېشانە تەرىنى تەرىنى جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى ھېسابلاپ، ھوقۇق، كۈچىگە ئۆز ھەرتۇسىگە قاراپ تەبىقە ئايرىشنى ۋە جەمئىيەتنى پىلەقلىرىنى تەقسىم قىلىشنى پەس كۆرىدۇ. باشقىلارنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا پايدا ئالىدىغان شەخسىيەتچىلىككە ۋە ئەمگەكچىلەرنى بوزەك قىلىدىغان كۈچلەرگە قارشى تۇرىدۇ.

8. زامانىۋى ئادەملەردە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بولىدۇ. ئادەمنى ئەتىۋارلايدۇ، قەدىرلەيدۇ. باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. «باشقىلار مەن ئۈچۈن، مەن باشقىلار ئۈچۈن» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن چېكىنىشلەرگە، جاپا كەلتۈرگەندە ياردەملىشىدۇ ۋە ھەقىقىي ئەمەلىي ياردەم قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى سۆيۈشنى ھەقىقىي ئۆي دەپ بىلىدۇ.

9. خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش ئىدىيىسىدە بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم بىلەن بېرىش ــ كېلىش قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭكىدىن تەرەققىي، ئىلغار، ئۈچۈن ئالىدۇ. ئالدىراپ باشقىلاردىن نۇسخا كۆچۈرمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلۇقىدىن ئىلمىي ياخشىلىق قىلىپ ھەسەت قىلمايدۇ. خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا جاسارەتلىك، ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەتلىك قىلىدۇ. ئەللىيەتچىلىك، گۇرۇھۋازلىق ۋە يۇرتۋازلىقنى ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان ئىللەت دەپ بىلىدۇ.

[illegible] يۈكسەك دېموكراتىيە، [illegible] قانۇنچىلىق [illegible] بولىدۇ [illegible] قارىغۇلارچە [illegible]
چوقۇنمايدۇ [illegible] باشقىلارغا [illegible]
[illegible] بۇنىڭ [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] تاشلىۋېتىش [illegible]

12. ئۇلۇغۋار غايە ۋە ئىرادە [illegible]
[illegible]

[illegible] زامانىۋى [illegible] ئادەملەرنىڭ [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] زامانىۋى ئادەملەرنىڭ پەزىلىتىگە توغرا كەلمەيدۇ.

پروتوكول ئىنسانلار دۇنياسىنى نەزەردە تۇتقاندا، زامانىۋى [illegible]
دۆلەتلەردە [illegible] زامانىۋى ئادەملەر [illegible]
[illegible]
كۈچ [illegible]
تاپقان دۆلەتلەردە [illegible]
بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەنئەنىۋى سانائەتنىڭ تارىخ [illegible] «ئوتتۇرا
دولقۇن» دېگەن [illegible] بىر دەۋرنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئەللەردە
ئاچارچىلىق، ئۇرۇش، ۋابا ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يوقۇملۇق كېسەللىكلەر [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
خەلق پەيدا بولىدۇ. ئەمما، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، [illegible]
[illegible] ھەرقايسى
ئەللەرنىڭ زامانىۋى ئادەملەر [illegible]
[illegible]
[illegible] زامانىۋى ئادەملەرنىڭ [illegible]
ھەربىر [illegible] كۆچكە ئايلىنىدۇ [illegible]

جاپلاردىكى زامانىۋى ئادەملەردىمۇ كۆپ خىللىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئالىملار قارىشىچە، زامانىۋى ئادەملەرنىڭ تەرەققىياتىدا كۆپ خىللىق ئۆسۈپ بارغان بىلەن، تۈرلۈك ئىقلىملاردا ياشاۋاتقان زامانىۋى ئادەملەرنىڭ تەرەققىياتىدا بىر خىل ئورتاقلىق بار، ئۇ بولسىمۇ ئىجادىيلىقتۇر. بۇ خىل ئورتاقلىق بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۈرلۈك زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئورتاق ماھىيىتى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئۆز جايلىرىدا ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا تەسىرلىك ئادەملەرگە ئايلىنىشى يوللارنىڭ ئەنە شۇ ئورتاقلىقنى قانچىلىك ئۆستۈرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز، بىلىپ ياكى بىلمەي، پاراسەتنى بوغۇش، مۇستەقىل ئىجادىيلىقنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىش ھەرقانداق دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەدرىجىي ئىلگىرىلەشنىڭ مېخانىزمىنى تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ. شەخسىي ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى دەپىنە قىلىۋېتىپ، ئىسكىلىت گەۋدىسىنى ساقلاپ قېلىش بولىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك زامانىۋى ئادەملەرنىڭ شەرتلىرىنى ئۆزىمىزدە ھازىرلاش جەريانىدا، ئىجادىيلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتنى ئۆتكۈزۈشنى ناھايىتى بەك قەدىرلىشىمىز كېرەك!

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدە، بىز تەربىيەنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي ساپانى چۆرىدەپ بارىدىغان بارلىق تەرەپلىرىنى [illegible]، سوتسىيالىستىك جۇڭگودا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئادەم بىلەن باغلاش، ئادەملەرنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەقسەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ماركسىزمدىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى [illegible] ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا [illegible] ئۇلۇغ [illegible] ئۈچۈن، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۆز-ئۆزىنى [illegible] بولالايدۇ، تۈزىتىش ئېلىپ بېرىشنى، ئاندىن [illegible] ئۆزلەشتۈرۈپ [illegible] تۈزۈشنى [illegible] مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان جۇڭگولۇق [illegible] ھەربىر ئەزاسى [illegible] جەمئىيەتكە قالدۇرۇپ كەتكەن [illegible] چىرىكلىك [illegible] باش ئەگمەستىن سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ ئۆزىمىزنى تەربىيىلىسەك ھەممە دۇنياغا يۈزلەنگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئادەملەردىن بولۇشىمىز، ھاياتىمىزنىڭ شەرتى قىلىشىمىز ئەلۋەتتە!

مانا بۇ بىزدىكى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيىتىمىزگە ھۆرمەتكە قىلىنغان ئەقىدە.

# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

مەھەممەت ئېلى تۇردى

ئىسلاھات ــ ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قانداق بىر يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورناتقاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن بىر ئۆتكۈر مەسىلە بىزنىڭ ئالدىمىزغا جىددىي ھالدا قويۇلدى. پارتىيىنىڭ 14 ــ قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىزنىڭ 14 يىللىق ئىسلاھات نەتىجىسى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ئورنىتىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىرىنى بەلگىلىدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلىپىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە سىياسەت، شۇنداقلا پارتىيە 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن بېرى سوتسىيالىستىك ئىقتىساد نەزەرىيىسى جەھەتتە قىلىنغان 2 ــ قېتىملىق بۆسۈش.

دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزى پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولۇپ، ئىلگىرى بىز پەقەت پىلاننىڭ ئاكتىپ رولىنى ۋە بازارنىڭ پاسسىپ رولىنىلا كۆردۇق، ئەمما پىلان تۈزۈلمىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇۋالغان تەرىپىنى ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى كۆرەلمىدۇق، تېخىمۇ مۇھىمى، پىلان بىلەن بازارنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئىككى خىل ئىقتىسادىي ۋاستە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىدۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1992 ــ يىلى ئەتىيازدا جەنۇبتىكى سەپىرىدە قىلغان سۆزىدە: «پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزم دېگەنلىك ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بار؛ بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزم دېگەنلىك ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بار، پىلان بىلەن بازارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي ۋاستە»، «پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ئەمەس» دېگەن مۇكەممەل بىر ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھۆكۈم بازار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىكنى جەمئىيەتنىڭ تۈپ تۈزۈمىگە مەنسۇپ دەپ قارايدىغان ئىدىيىۋى قاتماللىقنى تۈپ

ماتىمىزدىن چىقىرىپ تاشلاپ، پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەسىلىسىدىكى تونۇشىمىزدا يېڭىدىن زور بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

بىر ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۇتۇقلۇق ياكى مەغلۇبىيەتلىك بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ـ بولمىغانلىقى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ـ بولمىغانلىقى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ـ بولمىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تولۇق ئازاد قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى، ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشى، دۆلەتنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھازىرقى زامان ماددىي ئاساسقا ئىگە سوتسىيالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئېھتىياجى. بۇ خىل ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتنى تۆۋەندىكى ئامىللار بەلگىلىگەن دەپ قارايمەن:

1. دۆلىتىمىزدە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشنىڭ ئېھتىياجى. يولداش جاڭ زېمىن پارتىيىمىزنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ: «سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق بېيىشقا يېتىش» دەپ كۆرسەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى 50 ـ يىللاردىكى مەھسۇلات ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى ـ پىلان، بولۇپمۇ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان، پىلاندىن پايدىلىنىش بازارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن. ئۇزۇندىن بېرى دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بۇ خىل نامۇۋاپىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تەرەققىي قىلمايلا قالماي، بەلكى زور دەرىجىدە بوغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇ ھال كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى قاتماللىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى، ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچنىڭ كەملىكىنى، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھاسىل قىلىش سۈرئىتىنىڭ ناھايىتى ئاستا بولۇشىنى، تەبىئىي بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دۆلىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر قالاق بولغان ئەھۋالدا، ئۇ خىل تۈزۈلمە دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىق ۋە ئاپەت ئېلىپ كەلدى. مانا بۇ ئەھۋاللار ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلىدى. ئەگەر بىز ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي

تۈزۈلمىدە يەنىلا چىڭ تۇرىدىغان بولساق، ئىسلاھاتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. پەقەت بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەت فورماتسىيىسىگە تايانغاندىلا، ئاندىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتا، قانداق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ھەرىكەت فورماتسىيىسىنى قوللىنىش، قانداق كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى، ئالماشتۇرۇش ۋە تەقسىمات ئۇسۇلىنى قوللىنىش مەسىلىسىدە، ئەلۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش كېرەك. يەنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ كونكرېت ئىشقا ئېشىش شەكلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئاندىن ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئازاد قىلىشتا پايدىلىق بولغان، دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئىقتىسادىي ھەرىكەت شەكلىنى ئورناتقىلى بولىدۇ. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرغىلى، خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

2. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ماددىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىش تەقسىماتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشنىڭ ئېھتىياجى. ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى دۆلەت ئىچى ياكى خەلقئارا جەھەتتە بولسۇن، ئومۇمەن ماددىي مەنپەئەت ئاساسىدىكى ئىش تەقسىماتىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ماددىي مەنپەئەت ئاساسىدىكى ئىش تەقسىماتىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشىمىز كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەكشىسىز، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، پىلان ۋە بازاردىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىقتىسادىي ۋاسىتىدىن توغرا پايدىلانغاندىلا، ئاندىن ھەرقايسى ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت ۋە ئىش تەقسىماتى بازارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت ۋە ئىش تەقسىماتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، پىلان ۋە بازار ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كاپالىتى؛ ئۇلار (يۇقىرىدىكى ئىككى خىل شەرت ۋە ئىككى خىل ۋاستە) بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا بازار ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت ئىكەن، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويماي بولمايدۇ.

3. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. تاۋار ئىگىلىكى

بىلەن بازار ئىگىلىكى دېگەن ئاتالغۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. تاۋار ئىگىلىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازار ئىگىلىكى بولسا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

بازار ئىگىلىكى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى جەمئىيەتتە ئالدىن قوللىنىلغان. ئىقتىسادشۇناسلار ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۇنى ئۆزگىچە تۈزۈم دەپ قاراپ، بازار ئىگىلىكى بىلەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى بىر-بىرىگە قوشۇۋېتىپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مەنبەسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئەمەس، بەلكى ئۇ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش دەرىجىسى مەلۇم باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. پەقەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي تاۋار ئىگىلىكى ھالىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئۇلغا قويغان بولسۇن ياكى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئۇلغا قويسۇن، ئومۇمەن بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەت فورماتسىيەسىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا، ھازىرقى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىجتىمائىي ئىشلاشقانچە ۋە بازارلار كۆلىمىنىڭ خەلقئارالاشقانچە. بىز سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلغانىكەنمىز، ئۇنداقتا تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بازار ئىگىلىكىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بارغان 10 نەچچە يىل مابەينىدە بىز تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور تەرەققىيات ئېرىشتۇق. شۇنداقلا بىزنىڭ يولۇققىنىمىز يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يارىتالىغان تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەلمەيلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ يولىنى توسۇپ قويغانلىقى ئايدىڭلىشىپ قالدى.

4. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش كارخانىلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. دۆلەت ئىگىلىك باشقۇرۇشتا، بىۋاسىتە باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشتىن ۋاسىتىلىق باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈۋاتقان شارائىتتا، بازار مېخانىزمى جەھەتتىن چەكلىمىسى ۋە ماكرو جەھەتتە باشقۇرۇشنىڭ مەركىزى ھالقىسى بولىدۇ. بىز سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىكەنمىز، ئۇنداقتا مۇكەممەل بولغان بازار شارائىتى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ساغلام بولغان بازار سىستېمىسى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم تاشقى شارائىتى. شۇنداقلا كارخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇھىتى ھەم كارخانا ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇكەممەل بولغان بازار ۋە بازار سىستېمىسى كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تۈپ يېتەرسىزلىكىنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، ئۇ بازار ۋاسىتىسىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىپ، كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى

بوغۇپ قويۇپ، كارخانىلارغا كرىزىس تۇيغۇسى ۋە بېسىم ئېلىپ كەلمىدى. بۇ كارخانا ھەرىكىتىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، جانلىقلىقىنىڭ كەم بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش كارخانىلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنى رىقابەت جەريانىدا ھاياتلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ. كارخانىلارنى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، تىرىشىپ تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش يۆنىلىشىنى ۋە قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، ئېھتىياجغا ئۇيغۇن بولغان مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇكەممەل بولغان بازار سىستېمىسى كارخانىلارنىڭ پايدا — زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شارائىتى. كارخانا پايدىسى كارخانا كىرىمىنىڭ تەننەرق بىلەن باج چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئاشقان قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانا پايدىسىنىڭ يۇقىرى — تۆۋەن بولۇشى كارخانا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات باھاسى بىلەن، شۇنداقلا كىرگۈزگەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بازار ۋە بازار سىستېمىسى ساغلام بولمىغان ئەھۋالدا، مەھسۇلات ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى قانۇنسىز ھالدا بازاردا مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ باھاسى قانۇنسىز ھالدا قىممەت قانۇنىيىتى بويىچە شەكىللەنمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، پايدا كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. كارخانىلارنىڭ پايدا — زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشىمۇ قىيىن بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغان، بازار سىستېمىسى ساغلاملاشقان شارائىتتا، باھادىن كەلگەن نامۇۋاپىق ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ، كارخانىلارمۇ پايدا — زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان شارائىتقا ئىگە بولىدۇ.

5. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىش كۈنسېرى خەلقئارالىشىۋاتقان دۇنياۋى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشنىڭ ئېھتىياجى. نۆۋەتتىكى خەلقئارا ئىقتىساد بولسا بازار ئىقتىسادىدۇر. دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى خەلقئارالىشىشقا يۈزلەنگەن بولۇپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىكى خەلقئارا رىقابەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلماقتا. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، پەرق ناھايىتى زور. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن. شۇڭا، دۆلىتىمىزنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىشىكنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، كارخانىلارنى خەلقئارا بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، خەلقئارا بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، دۇنيا بازىرىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان بىر قاتار پىرىنسىپلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. كارخانىلار پەقەت بازار ئىگىلىكى پىرىنسىپى بويىچە قۇرۇلغان ۋە باشقۇرۇلغاندىلا، ئاندىن خەلقئارا بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ. بازار ئىگىلىكى — ئومۇمىيلىق، سوتسىيالىزم — ئالاھىدىلىك، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بولسا ئومۇمىيلىق بىلەن ئالاھىدىلىكنىڭ بىرلىكى. بازار ئىگىلىكىدە يا «كاپىتالىزم»، يا «سوتسىيالىزم» دېگەن خۇسۇسىيەت بولمايدۇ. ئۇ بىر

يىرىك ئىجتىمائىيلاشقان زاماندىكى ھازىرقى ئەۋۋەلدە، خالاس. ۋاسىتە، ئىقتىسادىي

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىش، كاپىتالىزمنىڭ نەرسىلىرىگە قارىتا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىش سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ كاپىتالىزمنىڭ «ماتېرىيالىي» دىن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ «بىناسى»نى قۇرۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. سوتسىيالىزم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلغاندا، ئاندىن كاپىتالىزمدىنمۇ يۇقىرى بولغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىغا ۋە كاپىتالىزمنىڭكىدىن يۇقىرى ئەۋزەللىككە ئىگە بولالايدۇ. ئەۋۋەلدە دۆلىتىمىز ئوبيېكتىپ ھالدا كاپىتالىزم ياراتقان بارلىق ئىلغار نەرسىلەرگە موھتاج، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ پايدىلىق نەرسىلىرىنى قانداق قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش بىز ئۈچۈن بىر سەنئەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن دۇنيا بازىرىغا كىرىشىمىز، خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشىمىز كېرەك. بۇ بىزدىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە ئورتاق بولغان ئىقتىسادىي ۋاسىتىدىن پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئورتاق بولغان ئىقتىسادىي ۋاسىتە دەل ــ بازاردۇر. دۆلىتىمىز بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورناتقاندىلا، ئاندىن خەلقئارا بازارغا كىرەلەيدۇ. خەلقئارا ئىش تەقسىماتىغا قاتنىشالايدۇ. بازار قانۇنىيىتىنى تونۇش، بازار قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنىڭ تەلىپى. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى بولسا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش بولسا بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ زۆرۈر يولىدۇر.

# ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا

ئالىم قادىر، ئەركىن ئابدۇراخمان

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ قانداق ھادىسە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ـ تىكى سەۋەبلىرى، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

80 ـ يىللاردىن، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، دۇنيا بويىچە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى داۋاملىق ئۆرلىمەكتە. ئادەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن بولماقتا.

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تەبىئىي شارائىتلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىن ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىمۇ مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياش چەكلىمىسىگە قويۇلغان ئۆلچەممۇ ئوخشاش ئەمەس. دۆلىتىمىزدە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياش چەكلىمىسى توغرىلىق بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم يوق. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسىدە 14 ياشتىن 28 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ياشلار ھېسابلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا 18 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلەر ھېسابلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەمەلىيىتىگە دائىر ماتېرىياللار 15 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان دەۋر ئاسانلا جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان خەتەرلىك باسقۇچ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ئۇلارنىڭ شۇ باسقۇچتىكى فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى ناچار ئامىللار بىلەن سىرتقى مۇھىتتىكى ناچار ئامىللار ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، شىنجاڭ رايونىنىڭ نۆۋەتتىكى ستاتىستىكا ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ ماڭغان.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، باشقۇنچىلىق قىلىش، زەنلۇۋەتلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئالدامچىلىق قىلىشتەك ئېغىر جىنايى ئىشلار، جىنايەتچىلەرنىڭ سانى ئاشقان. مەسىلەن، 1991-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىلا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرى جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق شەھۋانىيلىققا بېرىلىش، زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال قىلىش، قىمار ئويناش قاتارلىق «ئالتە خىل زىيانلىق قىلمىش»قا دائىر بىر قىسىم ئەنزىلەرنى پاش قىلغان. بۇ ئەنزىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ياش - ئۆسمۈرلەر سادىر قىلغان. بىز 1 مىليارد 115 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەت. ئاھالىلەرنىڭ ياش قۇرۇلمىسىدىن ئالغاندا، ياش دۆلەت دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. 30 ياشتىن تۆۋەن كىشىلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 60 پىرسەنت ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور زىيان يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولدى.

بىز دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمچىلارمىز. ئەلۋەتتە، ياخشى تەرەپنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلانغان مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئەمما بەزى كىشىلەر ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا قاراش، كۆپچىلىككە ئايانكى، جىنايەت بىر خىل تارىخىي ھادىسە. ماركسىزمنىڭ قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك پەيدا بولغاندىن كېيىن، سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ يەنە سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىللە يوقىلىدۇ. ئەمما كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان سوتسىيالىزم شارائىتىدا جىنايەت ھادىسىسىنى تۈپتىن يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى جىنايەت پەيدا قىلمايدۇ. ئۇ ھالدا، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇنى بىر قاتار ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بەلگىلىگەن.

1. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتمىگىنىمۇ، لېكىن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئاشۇنداق يۇقىرى ئىستېمالىق بۇرژۇئازىيىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئەگىشىپ قىلىش، قوغلىشىش ئەھۋالى مەۋجۇت.

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى ئېشىپ بارىدۇ ۋە دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى شەكىللىنىپ بارىدۇ، ئەمما تېخى تولۇق يېتىلمىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشى - ياماننى، توغرا - خاتانى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ. ئۇلار دورىشنى ياخشى كۆرىدۇ، مودا قوغلىشىدۇ، ياخشى بولمىغان ئادەتلەرنى ئۆزىگە

ئاسانلا يۇقتۇرۇۋالىدۇ. بەزى ياش ـ ئۆسمۈرلەر جەمئىيەتتىكى پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىكتەك ئوخشاش ناچار ئادەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا يەپ ـ ئىچىپ ئويناشنى، خالىغانچە پۇل خەجلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل تاپاۋەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نىكاھىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، پەرزەنتلىرى بىلەن كارى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئاسانلا جىنايەت سادىر قىلىش يولىغا مېڭىپ قالىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەي، ئۆز ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەنلىكى بىلەن كارى بولمايدۇ، ھەتتا پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق مېھرىدىن بەھرىمەن قىلالمايدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا خارلايدۇ، ھاقارەتلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلەر كىچىكىدىن باشلاپلا ئائىلىنىڭ، ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ، نەتىجىدە ئۇلار تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، جەمئىيەتتىكى يامان كىشىلەرگە ئەگىشىپ، جىنايەت يولىغا مېڭىپ قالىدۇ.

3. شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق ۋە قاتىللىقنى تەرغىب قىلىدىغان، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان كىنو، تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، كىتاب، ژۇرناللارنىڭ يامراپ كېتىشى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئاسانلا جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدىغان 15 ـ 16 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى قىز ـ ئوغۇللاردا غەيرىي جىنسىي ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، جىنسىي تەرەققىياتى پىشىپ يېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەيرىي جىنسلىقلار بىلەن يېقىنلىشىشنى خالايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەخلاق ۋە قانۇنچىلىق كۆزقارىشى ئاجىز بولغان بەزى ياشلارنىڭ جىنسىي تەلپىنىشىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار شەھۋانىي كىنو، كىتاب، ژۇرنال ۋە باشقا قولىيازمىلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوڭايلا شەھۋانىي ھەۋىسى قوزغىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچىسى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، «قىزنىڭ قەلبى»، «تويىنىڭ تۈنجى كېچىسى» قاتارلىق شەھۋانىي قولىيازمىلارنى كۆرگەندىن كېيىن، جىنسىي تەلپىنىشىنى كونترول قىلالماي، قوشنىسىنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغان، نەتىجىدە قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلغان.

4. ياش ـ ئۆسمۈرلەر ھېسسىياتچان كېلىدۇ، ئوڭايلا ھاياجانلىنىدۇ، كۆپ ھاللاردا ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ. نۆۋەتتە جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەر مۇرەككەپ، ئۆتكۈر بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىرەر ئىشقا ئاسانلا قىزىقىدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇشى ئەنە شۇنىڭدىن بولىدۇ. مەسىلەن، 18 ياشلىق بىر بالا ئۆز دادىسىنىڭ ئېتىز بېشىدا قوشنىسى بىلەن گەپ تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جوتۇ بىلەن قارشى تەرەپنىڭ بېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىنى چېپىپ، شۇ كىشىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە قانسىراپ

ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۇشتۇمتۇت جىنايەت ئۆتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مۇددىتىسى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ.

5. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىق قىلىشى بالىلىرىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى. بەزى ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ھەددىدىن ئارتۇق ئامراقلىق قىلىپ، ئۇلارغا بولغان تەربىيىگە سەل قاراپ، ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ ئاشقىلىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق كۆيىدۇ، بالىلىرى نېمە قىلىپ بەر دېسە، شۇنى قىلىپ بېرىدۇ، ئورۇنسىز تەلەپلىرىنىمۇ شەرتسىز ئورۇنداپ بېرىدۇ، ھېچقانداق تەلەپ قويمايدۇ. بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ، يامان ئىشلاردىن توسمايدۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ قويسا، قانات ئاستىغا ئېلىپ يوشۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا پەرزەنتلىرىنىڭ قايتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

6. مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ ياخشى، مۇكەممەل بولماسلىقى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئادەم بىلەن كارى بولماسلىق، ئىمتىھاندىن ئۆتسىلا ياخشى ئوقۇغۇچى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئىدىيە ھالىتى، پوزىتسىيىسى ۋە ئەخلاقى بىلەن كارى بولماسلىق ئەھۋاللىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنايەت يولىغا مېڭىشىغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار دەرسنى يادلاپلا بەرسە، ئۇنىڭ قانچىلىك دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ياخشى باھالىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دەرستىن كېيىنكى ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇشتۇرۇپ، ئەخلاقىيلىق تەربىيىلەش كەمچىل بولغان. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئاتالمىش «مۇھەببەت» مەسىلىسىگە بولغان تەدبىرى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، بەزى ئوقۇغۇچىلار ئىشتىياقتا چېكىنىپ، ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزگەن.

7. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ئېغىر ھەم مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلە. بۇنى پەيدىنپەي ئازايتىش ۋە ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، ھەر قايسى ئورۇنلار، تارماقلار يېقىندىن ماسلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشكە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى سەۋەبلىرى توغرىسىدا توختالدۇق. ئەمدى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتا كوممۇنىستىك غايە، ئەخلاق تەربىيىسىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ياش ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋر ئادەمنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدىكى ئەڭ ھالقىلىق مەزگىل بولغاچقا، ئۇلارغا بولغان غايە تەربىيىسىنى، ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى توغرا دۇنيا

قاراش ۋە توغرا تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە قىلىپ يېتىلدۈرۈش ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى. بىز ھازىرقى ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىدە ئۇلۇغۋار غايە ۋە توغرا ئەخلاق كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇشنى ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ۋە سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشىمىز، ياش - ئۆسمۈرلەرگە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلدۈرۈشىمىز، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشنى بېيىتىشقا بولغان ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشى بىلەن يامانني ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئۇلارنى قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان يېڭى ياشلاردىن قىلىپ تەربىيىلىشىمىز كېرەك.

2. مەكتەپ، ئائىلە، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

مەكتەپ ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس ئورۇن، يەنى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئورۇن. ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ باسقۇچ. ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېين ئېنىق قىلىپ: «ئىقتىسادى تۇرمۇش زامانىۋىلاشقا قاراپ راۋاجلانغانلىقتىن، ئەنئەنە ۋە تەربىيە سىڭدۈرگۈچى ئائىلە ئاجىزلىشىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ساغلاملىشىشى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە مەكتەپلەرگە تايىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەكتەپ تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاساسىي يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆستەڭگە، ھازىر ماتېرىيالنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مەكتەپلەرنىڭ بۇنداق ئاساسىي يېتەكچىلىك رولى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپلەرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، مەكتەپلەرنىڭ دۆلەتكە ئىنسان يېتىشتۈرۈپ تەربىيىلەپ بېرىش ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئەمەلىيلاشتۇرۇش، مەكتەپ تەربىيىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈگىتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، كىتاب ئوقۇش بىلەن سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، مائارىپقا بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مائارىپ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئائىلە شارائىتى، ئائىلە ئەنئەنىلىرى، ئائىلە تەربىيىسى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۇنجى مەكتەپ. ئائىلە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ، پەزىلىتىنىڭ ۋە ئىدىيىۋى كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلە تەربىيىسى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئائىلە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۇنجى مەكتەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا - ئانا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۇنجى

ئوقۇتقۇچى بولسا بىلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا تەربىيە بېرىشتە، ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، پەرزەنتلىرىنى بېقىش - تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى ھەم ئۇلارنى تاشلىۋەتمەسلىكى لازىم.

2. جەمئىيەت ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت، تەشۋىقات تارماقلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بىز مەدەنىيەت، تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز، نەشرىيات، ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزور، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بەلگىلىشىمىز، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يامان تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەسەرلەرنىڭ جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرۈشىنى قەتئىي چەكلەپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ تارقىتىشىمىز ۋە ئاڭلىتىشىمىز لازىم.

بىز ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەربىيىلەرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، بىر - بىرىگە ماسلىشىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان مۇداپىئە سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قوللىنىشقا بولىدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشىمىز لازىم.

3. ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ، قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، مۇرەككەپ بىر خىزمەت. جەمئىيەتتە ئىززەت - ھۆرمەت ۋە مېھىر - شەپقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا خاس مەنىۋى ئېھتىياج. بۇنىڭ ئىچىدە ئىززەت - ھۆرمەت ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ بىر مۇھىم ئەۋزەللىكى ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، بىر - بىرىنى ئاسرىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ئۆزگىرىدۇ ۋە مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئۆزگەرمەي قالمايدۇ. بۇ دىئالېكتىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرمۇ ئۆزگىرىدۇ، ئۇلار ياخشى تەرەپكىمۇ ئۆزگىرىدۇ، يامان تەرەپكىمۇ ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە كۆپلەپ ئىزدىنىپ، قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرگە مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تۇرمۇش جەھەتتىن بولسۇن، ھەر ۋاقىت غەمخورلۇق قىلىشىمىز، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكىمىز،

ئۇلاردىن بىزار بولماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئوقۇشتىن چىقىپ كەتكەن، خىزمەتتىن بوشىتىلغان ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنى مەكتەپكە بېرىش، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشى، خىزمەت تېپىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ئېيىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك.

4. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياش - ئۆسمۈرلەرگە جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە تارتقان، ياش - ئۆسمۈرلەرنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەن جىنايەتچىلەرنىمۇ قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشىمىز كېرەك.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئونىۋېرسال تۈزەش - جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش، ياشلارنىڭ ئىستىقبالىغا، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇڭا، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى بارلىق ئائىلە، ئاتا - ئانىلار، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار، ئۇستازلار، بارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە خەلق ئاممىسى بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتەك ھەر خىل سەۋەبلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى ھازىرقى يېڭى جەمئىيەتنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر

ئىقبال تۇرسۇن

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى مېتودولوگىيە، ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە تەتقىقات يۆنىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئەگرى - توقاي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىنى كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان مۇھىم بىر تەتقىقات تۈرىگە ئايلاندى. بۇ تۈر تەرەققىياتى داۋامىدا ساغلام يۆنىلىش بويىچە راۋاجلىنىپ ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كۆپلىگەن قىممەتلىك تەجرىبە ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولدى.

نۆۋەتتە، خەلقئارا ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ئىلمى تەتقىقاتى ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى يۆنىلىشكە بۇرۇلۇپ سىستېمىلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان يېڭى شارائىتتا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى، يۆنىلىشى ۋە ئومۇمىي سىستېمىسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئالاھىدە بىر خىل تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئامىللىرىغا ئىگە ئەدەبىيات بولۇپ، ئىزدىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر ھازىرمۇ مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتمۇ ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە، ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى قاراشلىرىمنى قويماقچىمەن.

## 1. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى مېتودولوگىيە مەسىلىسى

ھەرقانداق بىر پەننىڭ مۇستەقىل قانۇنىيىتى، ئىچكى - تاشقى ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، شۇنداقلا باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇئەييەن ئورتاقلىقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق خاسلىق ھەم

ئۇرتاقلىق مۇناسىۋىتىنى (ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات جەريانى) بەلگىلىگەن. جۈملىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى ۋە بىر پۈتۈن سىستېمىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي/ جەريانى بەلگىلىگەن. شۇڭا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر بويىچە بۇ ئاساسىي مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپنى يېتەكچى قىلغان ھالدا پەلسەپە، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، دىن، مەدەنىيەت ئارخېئولوگىيىسى، ھەم پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەر ئۈستىدىمۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپ تەكرارلانغان مەسىلە. ئەمما بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماي تۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتتا يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. تەنقىدىي ۋارىسلىق پرىنسىپىغا چېتىلىدىغان مەسىلە ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىغا بىۋاسىتە باغلانغان مەسىلىدۇر. قەدىمكى مەدەنىي ھاياتقا مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىگە ئۆتمۈش ھاياتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بىزمۇ بۈگۈنكى يېڭى تەپەككۇر ھەم دۇنيا قارىشىمىز بىلەن تۈرلۈك پەنلەرنىڭ ياردىمىدە ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى ئوبرازى، شۇ دەۋرلەرنىڭ تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز، پىكىر يۈرگۈزىمىز. ئەمما بىزگە مەلۇم بولغىنى شۇ دەۋرنىڭ ۋە شۇ دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئەمەس، بۇ بىزگە قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا باھا بەرگەندە، ئۇنىڭغا تارىخىي نۇقتىدىن باھا بېرىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇبادا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە بۈگۈنكى ئاڭ تەلىپى ھەم ئىلمىي ئۆلچەم بويىچە پىكىر يۈرگۈزسەك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دەۋر خاراكتېرى، كلاسسىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە بەزى پرىنسىپلىق مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە توغرا باھالاش قىيىن بولۇپ قالىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا دەسلەپ قوبۇل ۋارىسلىق قىلىش، تەكشۈرۈپ، تەنقىدىي مۇئامىلە ئېتىبارسىز قالدى. ئەكسىچە بەزى يولداشلار ۋارىسلىق قىلىشنى «خۇراپىيلىق»، «كونىلىققا چوقۇنۇش»، تەنقىدىي قىلىشنى بولسا «ئىنكارچىلىق» دەپ قارىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، مەۋلانە لۇتفى، سەككاكى، ئەلىشىر ناۋائىي، خىرقىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلىي قاتارلىق مۇتەپەككۇر، ئەدىب ۋە شائىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تارىخىي مۇھىتنى چەتنىگەن ھالدا باھا بېرىلىپ، مۇتلەق كۆپ ئەسەرلەر قىممىتى يوق دىنىي ھېكايەتلەر دەپ ئىنكار قىلىندى. كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە قەدىمىي مەدەنىيەتكە بولغان بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە مىللىي مەدەنىيەتكە تۇتۇلغان نەزەرىيىسىزلىك ھەم مىللىي ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋارىسلىق مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەرەققىيات جەريانى، ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۇنىڭ ھەربىر دەۋردىكى ئىدىيە تەرەققىياتى ھەم ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەرگە

ئېتىقاد قىلىش تارىخى ۋە تۈرلۈك دىنلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئەكس ئېتىشى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئۆزگىچىلىكىدۇر. ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىق ۋە توتېمچىلىقنىڭ شۇنىڭدەك شامان، مانى، بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رولىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇددىزم تەرجىمە شەرھىيچىلىكى ۋە ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىدىن تارتىپ باشلانغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دىندىن مۇستەسنا دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى تەنقىدىي ۋارىسلىق مەسىلىسىدە ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر بولغان نۇقتىنىڭ يەنە بىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئەنئەنىنىڭ داۋاملىشىشى ھەم كلاسسىكلارنىڭ تەربىيىلىنىش يولى مەسىلىسىدۇر. ھەرقانداق دۆلەت ياكى مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى دەۋردىن دەۋرگە ئېلىپ كېلىش داۋامىدا ھامان ئۆز يىلتىزى ۋە مەنبەسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا باشقا رايون ۋە خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تەجرىبىسى، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدىكى ئىجابىي ئامىللارنى ئۆگىنىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىسى، تېمىسى ۋە سيۇژېت ئەنئەنىسىمۇ ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئىجابىي ئامىللارنى ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا بېيىتىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تارىخى ۋە تۇرمۇشىغا دائىر دىنىي چۈشەنچە بىلەن باغلانغان ئەپسانىلەر، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى، يازما داستانچىلىق ژانىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، ئۇنىڭ سيۇژېت، قۇرۇلما، تىل ماھارىتىگە ئۆرنەك بولغان. فارابىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت پەلسەپىسى بىلەن بىلىش نەزەرىيىسى قاراخانىلار دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىغا تەسىر كۆرسەتكەن. شېئىرىيىتىمىزدىكى ئارۇز ۋەزنى ۋە غەزەل ژانىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى كلاسسىكلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەردىن، زامانداش كامالەت ئىگىلىرىدىن ۋە باشقا رايون خەلقلىرىدىن ئىزچىل تۈردە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىر قەدەر پۇختا تەربىيىلىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بىزنىڭ مۇنازىرىمىزگە سەۋەب بولۇۋاتقان مەسىلىلەرمۇ قانداقتۇر مەقسەتلىك، تەسادىپىي ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە ماھىيەتلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ.

## 2. كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئەسەرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى

كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى يېتەرلىك نەزەرىيىۋى چوڭقۇرلۇققا يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنى ئىلمىي سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى نۇقتىئىنەزەر بىلەن بىۋاسىتە ماتېرىيال مەنبەسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئەسلى مەنبە بىلەن ئۇنىڭغا دائىر تۈرلۈك

ماتېرىياللار تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەمەلىي ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتتا ئەسلى مەنبە، مۇھاكىمە ماتېرىياللىرى ۋە نەزەرىيىۋى كۆز قاراشنىڭ بىرلىكى بىر – بىرىگە ئۆزئارا باغلانغان بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. ئەگەر مەلۇم مەسىلە ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ئەسلى مەنبە بىلەن تولۇق ماتېرىياللار ئىچىدىكە سىڭىشتۈرۈپ تەكشۈرۈلمىسە، ھەل قىلىنىدىغان بولغان تېمىسى يۈزەكى بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالىدۇ، كۆز قاراشتا ئاللاھەدە خاتا چۈشەنچە بولۇشى تەقدىردىمۇ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەز – ئابستراكت تونۇشلارنىڭ يىغىندىسىلا بولۇپ قالىدۇ. خالاس. [illegible]

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىز ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن يازما تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە سېپىلەر، تەزكىرىلەر، كلاسسىك دىۋانلار، قوليازمىلار، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، ھەر قايسى تىللاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي خاتىرىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تونۇشتۇرۇش، تەتقىقات ماقالىلىرى، [illegible] ۋە سېپىلەردىكى ئەمەلىيەتكە ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق ئىگىلەش، ئەنە شۇلارنى ئىگىلەش، تەھلىل قىلىش، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى يادىكارلىقلارنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىنىڭ تارىخىي ئاساسى، ئىلمىيلىكى، دەلىللىكى، ئەينى دەۋرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان – كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ، ئېنىقلاش ئارقىلىق تارىخىي ئاساسى، قۇرۇلمىسى، نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ھەر قايسى نۇقتىدىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش، خاتا تەھلىل قىلىنىش، ھەتتا خاتا يەكۈن چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش [illegible] قىلىش بىلەن [illegible]. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزدا ئەسلى مەنبەلەرگە بولغان كۆز قاراشنىڭ [illegible] ئۆگىنىش [illegible] كلاسسىك ئەدەبىياتنى [illegible] ماتېرىياللارنى [illegible] قاراشتا [illegible] ئۇلار ئەسلى مەنبەلەرگە [illegible] سەل قاراپ، 2 – 3 قول ماتېرىيالغا ياكى بەزى ۋاسىتىلىك ئاساسلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشتەك بەزى بىر كەمچىلىكلەر مەۋجۇت [illegible] ئەسلى [illegible] ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ [illegible] تەتقىقاتتا [illegible] تەھلىل [illegible] تەتقىقاتنىڭ باش [illegible] ماتېرىياللار [illegible].

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىگە قارىتا غەرب ئەللىرىدە خېلى بۇرۇن باشلانغانلىقى بەرھەق. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات [illegible] ئۇلار مۇپەسسەل تەتقىق قىلدى دېيىش تېخى بالدۇر. چۈنكى بۇ ساھەدە ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىمكانىيەت [illegible] پايدىسىز ئامىللارمۇ بار. پايدىلىق ئىمكانىيەت ئۇلارنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە نۇرغۇنلىغان يادىكارلىق، قول يازمىلارنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنى خەلقئارا تەتقىقات ئۆلچىمى بويىچە تىل، تارىخ، مىللەت [illegible] تونۇشتۇرۇپ دەسلەپ بىر [illegible]. پايدىسىز ئامىللار شۇكى، غەربنىڭ شەرقشۇناس، تۈركشۇناسلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ مەسىلىلەرنى ياكى بىر ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقان [illegible] چۈنكى ئۇلار بۇ [illegible] مەدەنىيەت ۋە

ئەدەبىياتقا يارالغان توپراقنى بىلەن ۋە بولاقلىقنىڭ پىشانىكەمسى، دۇنيا مەقتارىشى، ھەدەنىيەت
بىلىملىرى بىلەن تارىخىنى ئوبۇش، شۇڭلا ئەبلۇپ مۇسۇلمانلىق تەتقىقاتىمىزنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئۆزئارا
ئالاقىسىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك ھەتتا قىلىنىشى شۇنداق بولۇشقا قارىماي، بىزنىڭ ئاز
سانلىق مىللەتلەر تەتقىقاتچىلىرىمىز چەت ئەللەرنىڭ غەربىي ئاتالغۇلىرىنى ھاجەتسىز قوللىنىپ
تەكرار ئىشلىتىشكە كۆز قاراشلىق كونىلىق يېڭىلىق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەتتا چەت
ئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان. مەن ئالچاقلىقتىن
نەقىل ئالماسلىق كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن. مەلۇم مەسىلىنى ئېنىقلاش، دەلىللەشتە نەقىل
ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ
قارىشىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ماقالىگە كىرگۈزۈشتە ئۇلارنىڭ چەت ئەللىك بولغىنى ئۈچۈنلا
ئەمەس، توغرىسى ئۇلارنىڭ يېڭى ھەم ئىلمىي پاكىت ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك.
مانا بىر يېڭىچە ئۆگىنىشتىكى بىر تەرەپلىمىلىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى چوڭ مەسىلىلەرگە يالا
بىرىنچىدە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ روشەن بىر ئىسپاتى شۇكى، شۇ يولدىكى ھەرقايسى
دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراپلىشىشىنىڭ سەۋەبى مەسىلىسىدە ئۇزۇندىن
بۇيان مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، نەتىجە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئىلمىي
قاراش ھاسىل قىلىنمىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى گۈللىنىش دەۋرى ھەقىقەتەن
پەقەت ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ۋە قالايمىقانلاشقان نۇقتىسىدىن تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى.
ئىدىيەۋى، قاراخانىيلار ۋە كېيىنرەك يەكەن ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى شۇ دەۋر ئىقتىسادىنىڭ
گۈللىنىشىگە ئىلگىرىلىكنىڭ مەھسۇلى دەپ قارالدى. تارىخ بىلەن ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا ئىنگە
بولسىمۇ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتى بار، گەرچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي
جەھەتتىكى گۈللىنىش ئەدەبىياتقا سەۋەبچى بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتنىڭ جانلىنىشى
مەڭگۈلۈك جەمئىيەتنىڭ كەسكىن زىددىيەتلىرىگە تولغان مەزگىللىرىدە دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە
ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ نادىر نەمۇنىلەر ئاشۇنداق. ئەۋزەلدىكى مەھسۇلاتدۇر؟
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق شائىرلار ۋە ئەسەرلەرمۇ تارىخ دولقۇنلىرى پەللىگە
چىققان ۋاقىت ھەقىقىي مەنىسىدە سىياسىي تۈزۈم مۇكەممەل بولغان، ئىقتىسادىي تارازا
گۈللەنگەن پەيت ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي چېكىنگەن، جەمئىيەت ئۆتكۈر زىددىيەتلەر بىلەن
تولۇپ، سىياسىي تۈزۈم تەۋرىنىپ قالغان دەۋردۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى
ئاچقان تۇنجى گۈللىنىش دەۋرىدىكى مەنسۇپ مەشھۇر ئەسەرلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ
مۇئەللىپى مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئەسەرنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش
كۈچىيىپ ئوردا قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىۋاتقان شارائىتتا يېزىپ چىققان. يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىشقا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى
ئاجىزلىشىپ، تەرەققىياتنىڭ ئەكسىچە تەتۈر ۋەزىيەت يۈز بەرگەن. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»مۇ
شۇنداق جەمئىيەت تەۋەززۇلاتىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى
ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسىي شەرتى دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ تۆۋەندىكى
خىرقىتى، زەلىلى، نىزارى، گۇمنام، نوۋبىتى، موللا بىلال قاتارلىق شائىرلارنىڭ ھاياتى
ۋە ئەسەرلىرىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىيات تېكىستى مىراتىمىز بىلەن نۇقتىئىنەزەرنىڭ چىنلىقى مەسىلىسىدە ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنىڭ رولىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى تارىم مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئىككى نەتىجىگە ئېرىشتى. قەدىمىي يىپەك يولى ئېنىقلىنىپ بولۇپلا قالماي، يېزىقتىن ئاۋۋالقى ھەم يازما تارىختىكى ئائىت مەدەنىيەت سەنئەت يادىكارلىقلىرى، شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك جايلىرىدىن تېپىلىپ تەتقىقاتنى مۇھىم پاكىتقا ئىگە قىلدى. تەكلىماكاننىڭ جەنۇب ۋە شىمال لىنىيىسىدىكى ئېگىزلىك ھەم ئويمانلىقلاردىكى خارابىلەردىن تېپىلغان تاش قورال ۋە بىرونزا مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق ماددىي بۇيۇملار، دېمەك، مەدەنىيەت سەنئەت ھۆججەتلىرى، كلاسسىك دىۋانلار، ھەر خىل يېزىقتىكى تەرجىمە ئەسەر، نام رەسىم سەنئىتى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بىرگە ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولالايدۇ. قەدىمكى خەلقلەرنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت چۈشەنچىسى، ماكانىيەت ئىدىيىسى جۈملىدىن قەدىمكى ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشتا مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە «دىۋان»دىكى شېئىر قوشاقلارنىڭ بىردىنبىر قول ماتېرىيال ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئەدەبىياتىنى بۇددىزم تەرجىمە شەرھچىلىكى تارىخى ئارقىلىق يورۇتۇشقا بولىدۇ. قاراخانىلار ۋە يەكەن خانلىقى ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاساسىي ئىدىيىسىنى «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، ئىسلام ئىدىيولوگىيىسىدىن تاشقىرى، مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخىي رەشىدى»، ئەلىشىر ناۋائىينىڭ نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى، ئاياز شىكەستەنىڭ «جاھاننامە» داستانى، مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» قاتارلىق ئەدەبىي ھەم تارىخىي ئەسەرلەردىن تەكشۈرۈش ئەڭ مۇۋاپىق، ھەم ئىشەنچلىك. XVII — XIX ئەسىرلەر ئەدەبىياتى ھەققىدە خىرقىتى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلىي، ئابدۇرەھىم نىزارى ۋە مۇللا بىلالنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىللە «تارىخىي ئەمىنىيە»، «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەھمىيەتلىك.

دېمەك، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنىڭ تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز دەسسەتكىلى بولماسلىقى، لېكىن ئۇنىڭ تەتقىقاتتا ھالقىلىق رول ئوينايدىغان مۇھىم بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.

### 3. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەسەر ئىدىيىسى ھەققىدە

ئۇيغۇر تارىخىنىڭ تەسۋىرىدىكى كۆرۈنۈشى بولغان كلاسسىك ئەدەبىيات قەدىمكى خەلقلەرنىڭ مىللىي روھىيەت مۇجەسسەمىدىكى جىلۋىدىلىك ئىنكاسىدۇر. ئۇنى ئىككى ئۇسۇل ھەم كاتېگورىيە بويىچە تەتقىق قىلىشىمىز مۇھىم. مەسىلىدىن بىرى كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قانداق قىلىپ توغرا چۈشىنىش ۋە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. كلاسسىكلار ئۆز دەۋرى ۋە ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە «خەلقچىللىق» نۇقتىئىنەزەردىن تەكشۈرۈش ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىنسانلار ئىككى

سادا، تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغان سىنىپسىز جەمئىيەت شارائىتىدا ئۇلار ئىجاد قىلغان مەدەنىيەت، ئەدەبىيات – سەنئەت ساددا ئىنسان تەبىئىيتىنى ئىپادىلىگەن. سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن يازما ئەدەبىياتتىكى كلاسسىكلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھۆرلۈك، تىنچ، باياشات تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنىڭدەك ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن ئاددىي خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق قاراش ۋە ئىدىيە كەيپىياتمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، بۇ خاھىشنىڭ مېھنەتكەشلەرگە، شەھەر خەلقىگە ياكى باشقا تەبىقە ئەزالىرىغا مەنسۇپلۇقىنى ئايرىماق تەس. چۈنكى ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ھاياتى، كېلىپ چىقىشى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ زادى قايداقلىقىغا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلە ئەسەرلەر ئارقىلىق بىر ئاز ئايدىڭلىشىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى «خەلقچىللىق» روھى ئارقىلىق ئىزاھلاش مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يېقىنلىشىدۇ. بىر قىسىم ئەسەرلەردە خەلقنىڭ روھىي ھېسسىياتى، كۆلپەت ئازابى بىۋاسىتە، ئېنىق تەسۋىرلەنمىگەن. ئەمما دىداكتىكا ياكى پەلسەپىۋى مۇلاھىزە يوللىرى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ چىرىك قىياپىتى، خەلقنىڭ تەلەپلىرى ئىپادىلەنگەن. سىنىپىي ئورنى، كېلىپ چىقىش جەھەتتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، ئەلىشىر ناۋائىي، فارابى، سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخان قاتارلىقلار يۇقىرى تەبىقىدە ياشىغان. ئىزارى زوھۇرىدىن ھېكىم بەگنىڭ ئوردىسىدا «مۇھەببەت داستانلىرى»نى يازغان. ئەمما لۇتفى، سەككاكى، خىرقىتى، زەلىلى، مەشرەپ، موللا بىلال قاتارلىقلار تۆۋەن تەبىقىدە مۇشكۇل ھايات كەچۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئالدىنقى مەزگىلدىكىگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ، لېكىن ھەممىسىدە خەلقچىللىق روھى بار.

كلاسسىكلارنىڭ سىنىپىي ئورنى، سىياسىي مەيدان مەسىلىسىنى ھازىرغىچە يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتارلىق ئۈچ قاتلامغا ئايرىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي، سىياسىي، ۋە مەدەنىي ئۆزگىرىشلىرى كۆپرەك بولسىمۇ، ئىچكى نىزا، خانلىق تالىشىش سۈيىقەستلىرى ئاز، ئاساسىي ئېقىمى تىنچ گۈللىنىش، ئورتاق غايە ئۈچۈن ئىزدىنىش بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر دۆلەت تەشكىلاتلىرى بىر قەدەر مۇنتىزىم، سىستېمىلىق بولۇپ، ھۆكۈمران تەبىقە كىشىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى، خۇسۇسەن شاھلار ئىلىم – پەن، مەدەنىيەت – سەنئەتنىڭ ھېرىسمەنلىرى، ھامىيسى ۋە تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بولغاچقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردا مەسلىھەتچىسى بولغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يۈكسەك بىر بۇرچىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ داستانى ئارقىلىق شاھقا مەسلىھەت بەردى. بۇ تۈپەيلىدىن ئۇ ۋە باشقا كلاسسىكلار ھەرگىزمۇ ئوردا شائىرى بولۇپ قالمايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئېنىق ئوردا ئەدەبىياتى ۋە قەسىدىچىلەر كۆزگە چېلىقمايدۇ، مۇبادا بولسىمۇ بىرەرسى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز.

ئەينى دەۋردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولغاندىن سىرت، بۇ تەبىقە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەپەككۇر، دۆلەت ئۇستازى ھەم شائىرلارنىڭ دۇنيا قارىشى، تەشەببۇسلىرى بىلەن يۇقىرى ھۆكۈمران سىياسىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىدىيىۋى لوگىكىدە ئۆتكۈر توقۇنۇش بولغان. بۇ توقۇنۇش ئاخىرى كەسكىن

سىياسىي كۆتۈرۈلۈشكە ئايلاندۇرۇلۇپ، كۆرۈشتە سىياسىي بېسىم، مۇتەپەككۇرلار، پادىشاھلار، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىقتىسادنىڭ جانلىنىشى، مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ ئېشىشىنىڭ گۈللىنىشى، شۇنداقلا ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى يۈزلىنىشى ئۈچۈن يول كۆرسەتكەن. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، بىر سىناپقا تەۋە قىلىشتۇرۇشتەك تولارنىڭ خەلق ئاممىسىنى تەرەققىيات تورغا ئىلىنىشى ئەزەلدىن بىر سىياسىي قىلىنىشقا بولالايدۇ.

كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىدىكى يەنە بىر تەرەپ ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى ئىپادىسى ئۆزگىچە بىر خاسلىققا ئىگە ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك چوڭقۇر ئىچكى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، تارىختا تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. جاھان ئەدەبىيات تەبىقىلىرى پەيدا بولغاندىن بۇيان مىللەتنىڭ جۇغراپىيىلىك ماكانىدا تۇرۇپ مۇددەتتە ياشاش ئىستىقامەتلىرىگە باغلىنىپ، تارىخنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىدە تۇرمۇش، ئىقتىسادىي ئاساسىي، تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە بىر پۈتۈن ئىرادە تۇيغۇسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان كۈچلۈك مەھەللىۋىلىك ۋە يېقىنلىق تارىخى بىلەن ئايلاندى. بۇ ئەنئەنە ئۇيغۇر پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ئەبەدىي رىۋايەتلىرىدە، شىراق، تومارىس، ئالىپ ئەر تۇڭا رىۋايەتلىرى ۋە «ئوغۇزنامە»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «گۆرۇغلى بەگ» داستانلىرىدىن مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى ئىچكى يازمىلاردا، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەسەرلەردە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ۋە ئەدىبلىرىدىكى تەۋەرۈك ئىسىملار تىللاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆپ ئەسەرلىرىگە ئىشارەت قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئېيتالايدۇ.

چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆزگىچە يۈكسەك تۈسكە ئىگە بولغان، شۇڭا ئۇلار يالغۇز ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى چاغاتاي ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن مىللىي ئاڭ ئىنتىلىشى، ئۇيغۇر تۇرمۇش ئادىتى ۋە جۇغراپىيىۋى شارائىت بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى قاتلاملىرى ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدە مىللىي ئېڭى بىلەن تۇتاشقان، ئادەمىيلىك ئىدىيىسى ئىنتىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىنغان، كۆپ تۈرلۈك ئىجادىي تۈزۈم تەرەققىياتىدا ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى، مەدەنىيەت ھەم تۇرمۇش تەسەۋۋۇرلىرى، تەشەببۇسلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتىدە ھەققانىي ھۆكۈم قىلالىغىلى بولىدۇ.

## 4. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئەدەبىياتىنى پەلسەپەۋى تەتقىق قىلىشنىڭ يۈزلىنىشى، مەسىلىسى

بىر مىللەتنىڭ جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، ئىقتىسادىي ئاساسى، سىياسىي ئىجتىمائىي ھاياتى، جەمئىيەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش شەكلى، ئاساسلىق يارىتىلغان مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتى، شۇ مىللەتنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بىر مەنىدە ھەممىسى بىلىنىدۇ. دۇنياۋى ئالاھىدە ئىجتىمائىي قاراشلارغا قەدىمىي خەلقلەرنىڭ يارىتا ئەدەبىياتى سىستېمىسى ئەنئەنىسىنىڭ مىللىيلىكى، ئارقىلىق خاسلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مۇستەقىل تىكلەنگەن تەرەققىياتى بولغان

ئېستېتىك غايە ۋە ھېسسىيات بارلىقى، دۇنياۋىلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدە رومانتىك ۋە رېئالىستىك ئىجادىيەت مېتودىدا يارىتىلغان كۆپ خىل ژانىردىكى ئوبرازلاردا ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ئۆلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئەمەلىيەت كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىگە يۈكسەكلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئۇنىڭ ئىلمىي تەپەككۇر ئەندىزىسىنى، ئەدەبىي ئېقىملىرى، تىل، ئوبراز، سەنئىتى، ئېستېتىك نەزەرىيە قاراشلىرى دېگەندەك تۈرلۈك ئامىللارنى يىغىنچاقلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى مەخسۇس مۇھاكىمە ئەسەرلىرىدە ھازىرغىچە تولۇق بايان، ئاددىي تەھلىلچىلىك قىلىشقا مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. سېلىشتۇرۇش يۈكسەك كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسى يېقىت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاقلىشىش تىپىدىكى ژانىر، ئەدەبىي تەرەققىيات تىپىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەڭ ئۇنۇملۇك مەلىكىتەك ھەيئەتتە خەلقئارا تونۇلۇشى بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا بولمىغان ئارتۇقچىلىقلارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە، تەتقىقاتنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە تەتقىقات تۈرلىرىنى دەۋر، شەخسلەر، تېما ۋە ئەدەبىي ئېقىملار بويىچە مەخسۇسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دەۋرلەر بويىچە، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (يازمىچە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى)، قاراخانىيلار خاقانلىقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، يەكەن خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قاتارلىقلار، شەخسلەر بويىچە، مەھمۇت قەشقەرى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەدىب ۋە ئېستېتىكىسى تەتقىقاتى، ئەلىشىر نەۋائىي تەتقىقاتى قاتارلىقلار، تېما بويىچە، «ئۇيغۇر بۇددىزىم دەۋرى ۋە ئەدەبىياتى»، «ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئالتۇن ياروق» تەتقىقاتى، «مايترى سىمىت» تەتقىقاتى، «قۇتادغۇبىلىك» مەسىلىلىرى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلار تەتقىقاتى قاتارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تامامەن مۇمكىن. بۇ مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى قانداقتۇر كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇش ياكى تارقاقلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، مەخسۇسلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەدىئىي ئىستىدات تەتقىقاتى بىلەن كلاسسىك تارىخىي نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش بۇندىن كېيىنكى مۇھىم يۆنىلىش بولىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلار يالغۇز قەدىمكىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تونۇش، چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىمۇ نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ تېخى ئېچىلمىغان بىر ساھە. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا زادى نەزەرىيە سىستېمىسى بارمۇ-يوق؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ۋە ئىپادىلىنىش يوللىرى نېمە؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر ئالدىمىزغا قويۇلىدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى بولىدىكەن، ئۇنىڭ مۇئەييەن نەزەرىيىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئوخشاش بولمىغان تارىخنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەت ئەسىرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ ۋە ئالاھىدە پەرقلىق بولىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى، ئەدەبىيات ھەققىدىكى تونۇشى ۋە تەتقىقاتى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن كلاسسىك ئەسەرلەر ھەققىدىكى تەنقىد ـ ئوبزورچىلىقنىڭ نۇقتىئىنەزىرى پەرقلىنىدۇ. تەنقىد ــ ئومۇمىي ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە قانۇنىيەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. گەرچە كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئوبزورلاردا بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلسىمۇ، ئەمما ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدىكى قاراش ئىپادىلەنگەن ئەسەرنىڭ شۇنداقلا تەنقىد ئامىللىرىغا ئىگە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ئەسەرلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس. «قۇتادغۇبىلىك»، ئىبنىغىراقى، ناۋائىي دەۋرىگىچە بولغان ئەدەبىياتتا نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرەر ئەسەرنى كۆرسىتىش قىيىن. بۇ مەسىلىنى كونكرېت دەۋرلەر، ئېقىملار ۋە ژانىرلار بويىچە قارىغاندا يەنىلا مەڭگۈ تاش، قۇجۇ شېئىرىيىتى، قاراخانىيلار ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخ، تەزكىرىلەردىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە ئېپوسچىلىقتىن باشلانغان. داستانچىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ گۈللەنگەن بىر ژانىر بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن شەرق ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى ۋە ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى رومانتىزم، رېئالىزم، سىمۋوللارنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى، ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى، ئىجادىيەتتىكى مەزمۇن، شەكىل، تىل، چۈشەنچىسى، بەدىئىي چىنلىق بىلەن توقۇلما ئالاھىدىلىكلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تېپىپ چىقىپ يەكۈنلەش كېرەك. كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي ماھارەت ھەربىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولغان. كلاسسىكلار ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سەنئەتنىڭ بەزى شەكىللىرى بىرلىشىپ كەتكەن. شۇڭا بۇمۇ كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى تۇرغۇزۇشتىكى مۇھىم مەزمۇن سۈپىتىدە ئىنچىكە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى گۈزەل ئەنئەنىگە ئىگە، ئۇنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك ئىلمىي تەجرىبىلىرى بار. ئەنە شۇ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش ئۈچۈن كلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئۆگىنىپ، ئەسەر بىلەن نەزەرىيىۋى قاراشنى سېلىشتۇرۇش، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىپ، ئىنچىكە، دەل شەرھلەش، ھازىرقى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى كۆز قاراشلار بىلەن قەدىمكى ئەدەبىياتنى تەھلىل قىلغاندا، كۆپتۈرۈۋېتىپ ئەسەر ئىدىيىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، نەزەرىيىۋى پرىنسىپ بىلەن كونكرېت تەھلىلنى، مۇئەييەنلەشـتۈرۈش بىلەن تەنقىد قىلىشنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇش لازىم. بۇ بۇندىن كېيىنكى نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان مۇشكۈل ۋەزىپە.

# «يىپەك يولى» ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى

قاسىم ئارشى

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭدىكى قەدىمكى «قاشتېشى يولى»دىن راۋاجلىنىپ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە ئەينى زاماندا ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا، ئېتىقادلىرى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ھەمدە دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ «يىپەك يولى» ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمۇ كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلاشتى. بۇ، بىزنىڭ «يىپەك يولى» ھەققىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشىمىز ئۈچۈن بىر ئىلھام. خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئاسىيا بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش-ئالاقە «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان كارۋان يولى ئارقىلىق بولۇپ كەلگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرلەردە بۇ قاتناش يولىنىڭ بىر ئۇچىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى يۇنان ۋە رىم بىلەن تۇتاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر خىل پاكىتلارغا ئاساسەن، بۇ يولنى ئەڭ بالدۇر مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى چارۋىچى قەبىلىلەر ئاچقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەينى چاغلاردا بۇ يول تېخى «يىپەك يولى» دەپ ئاتالمىغان. بەلكى «قاشتېشى يولى»، «بىرونزى يولى»، «كارۋان يولى» دەپ ئاتالغانىكەن.

ئىسمى دۇنياغا مەلۇم بىر يۇنان ئالىمىنىڭ «ئېرىتورىيە دېڭىزىدا ئۈزۈش خاتىرىسى»، ھىندىستاننىڭ «مانۇ قانۇنى» ۋە «ھاكىمىيەت ئىشلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق مىلادىيەدىن بۇرۇنقى IV—VIII ئەسىرلەردىكى ئەسەرلەردىن ئۇلارنىڭ ياۋروپا، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شەرقىدە «يىپەك ئېلى» ياكى «چىن دۆلىتى» دەپ ئاتالغان بىر دۆلەتنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار يىپەكنى قانداق بىلگەن ۋە قايسى يوللار ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانلىقى ھەققىدە بىرەر يازما ماتېرىيال بولمىغانلىقتىن، بۇنى بىلىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئالاقە يولى ئاللىبۇرۇن ئېچىلىپ راۋاجلىنىپ ۋايىغا يەتكەن يوللارنىڭ داۋامى، يەنى قاشتېشى يولىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

غەربىي ئالىملىرى يىپەك يولىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ مەلۇماتلار گەرچە كۆپرەك ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرگە، كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىر مۇنچە ئېنىقسىزلىقلار ھەتتا بەزىدە چەتنەپ كېتىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈنسىمۇ، لېكىن يىپەك يولىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئاسىيادىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭغىچە بەلگىلەشتۈرىدۇ. ئۇلار ھازىرقى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئالېكساندىرىيەدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا قەدەر بولغان جايلار ھەققىدە بىر قەدەر توغرا مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ يېقىنى نامسىز يەر، ئوكيان دەپ قىياس قىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئاھالىلىرى غەربنىڭ قاشتېشىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. ئۇنى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايتتى. قەدىمكى زاماندا، جۇڭگونىڭ يىنىڭ (شاڭ) خانلىقى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىللار)، جۇ خانلىقى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 770 - يىل) دەۋرلىرىدە «يۈجى (توخرى) قاشتېشى»، «قارا قۇرۇم قاشتېشى» ئاتالغان ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ بېرىلغانىدى. قاشتېشى كۆپىنچە غەربىي ئەلدىن كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىدىكى قاشتېشى توشۇلىدىغان جاي «قاشتېشى قوۋۇقى» دەپ ئاتالغان. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا شىنجاڭ ئارقىلىق غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق يولى بولغان. بۇ «قاشتېشى يولى» ئەزەلدىن «يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىپ باققان ئەمەس.

شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە زور تەسىر قىلغان. ئۇ يەردىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىن تارقالغان.① [illegible] شىنجاڭ قاشتېشى بىلەن ياسالغان (جابدۇقلارنىڭ) تارىخىنى ئېيتقاندا تاش قورال دەۋرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.② شىنجاڭ قاشتېشى ئىچىدە خوتەن قاشتېشى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، ئۇلار [illegible] بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قاشتېشى بۇيۇملىرىدىن پايدىلانغان ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1200 - يىللىرى ئېلىمىزنىڭ يىنىڭ (شاڭ) دەۋرىگە مەنسۇپ «فۇخاۋ قەبرىگاھىدىن (妇好墓) 765 دانە قاشتېشى جابدۇقى تېپىلغانىكەن.

«[illegible] بۇنىڭدىن [illegible] يىللار بۇرۇنقى جۇڭگونىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى ئۇرۇق ئاقساقىلى خۇاڭدى «قاشتېشى بىلەن قورال ئىشلەتكەن». يىراق قەدىمكى زاماندا غەرب خانى ئانىسى (شىۋاڭمۇ) خۇاڭدىغا ئاق قاشتېشى ئۈزۈكى تەقدىم قىلغانىكەن». «قومۇش تارىخى يىلنامىسى»دا خاتىرىلىنىشىچە، ئاقساقال شۈننىڭ ۋاقتىدا «غەرب خانى ئانىسى» ئوردىغا كېلىپ ئاق قاشتېشىدىن جابدۇقلىرى تەقدىم قىلغانىكەن. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى قاشتېشى ئالاقىسى ناھايىتى [illegible] مۇناسىۋىتى بىلەن باشلانغان [illegible]

①② «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1989 - يىللىق 8 - سان.

ئالىم ۋاڭ لىخۇا ئەپەندى ئۆزىنىڭ «يېڭى ئاسىيا» ژۇرنىلى 6 - توپلام 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «غەربىي شىمال قاتناش تارىخى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە: «بابىلون، سۈرىيىدىكى قەدىمكى خارابىلاردىن قېزىۋېلىنغان ماددىي نەرسىلەر ئىچىدە قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار بار. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئارتىپ، ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگىچە بارىدىغان قاشتېشى جابدۇقلىرى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن قاشتېشى ئىدى. ئۇ، خوتەننىڭ مەھسۇلاتىدۇر»① دەپ يازىدۇ. ئۆزبېكىستان تارىخىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ قاشتېشى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللاردا ئۇ يەردىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغانىكەن. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىن ئىلگىرى پۈتكۈل ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى قاشتېشى جابدۇقلىرى ئاساسەن شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن. كاۋكاز تاغلىرى ۋە ۋايلونوي تاغلىرىدىن قاشتېشى چىقسىمۇ، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدىن قاشتېشى قېزىلغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، يەنى (شاڭ)، جۇ خانىدانلىقلىرىدىن تارتىپ ئالتە سۇلالە دەۋرىگىچە قەدەر بولغان قەبرىلەردىن كۆپ مىقداردا قاشتېشى بۇيۇملىرى چىققان... بۇلارنىڭ خوتەن رايونىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى چوقۇم دەپ قاراشقا بولىدۇ. قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ قاشتېشىنى مۇنچىۋالا كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈشنى پەرەز قىلىش ناھايىتى تەس. مۇشۇنداق قارىغاندا، «يىپەك يولى»نى «قاشتېشى يولى» دەپ ئاتاشقان» دەپ يازىدۇ ياپونىيىلىك چاكزى خېكچۈن ئەپەندى.

ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۆز ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن مۇشۇ بۈيۈك زېمىندا ئاۋات كارۋان يوللىرىنى بەرپا قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتتىكى «يىپەك يولى» مانا شۇ شىنجاڭدىكى كارۋان يوللىرىنىڭ شانلىق نامايەندىسىدۇر.

شىنجاڭنىڭ كارۋان يوللىرى ئىچكى كارۋان يوللىرى، شىنجاڭدىن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا بارىدىغان، شىنجاڭدىن تىبەتكە، ھىندىستانغا بارىدىغان، پاكىستان، كەشمىر، ئافغانىستانغا بارىدىغان، روسىيىگە بارىدىغان كارۋان يوللىرىغا ئايرىلاتتى. خەن سۇلالىسى خانى خەن ۋۇدى ئىككى قېتىم جاڭ چيەننى غەربكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. جاڭ چيەن مانا مۇشۇ كارۋان يولى بىلەن مېڭىپ، پەرغانە، باكتىرىيە (ئافغانىستاندىكى بەلخ)، كاڭگىيە (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت) ۋە ئۇيسۇن (ھازىرقى ئىلى ۋادىسىدىن بالقاش كۆلى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپى)غا قەدەر بارغان. مانا شۇندىن باشلاپ بۇ قەدىمىي كارۋان يولى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي سودا يولىغا ئايلاندى. بۇ، ئىنسانلار تەرەققىياتىدىكى چوڭ ئىش ئىدى. شۇندىن باشلاپ بۇ يولدا ئەمەلدار_ ئەلچىلەر، سودىگەرلەر كەينى_ كەينىدىن ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇردى. خەن سۇلالىسى بۇ يولنىڭ راۋانلىقى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزدى. كېيىنكى ۋاقىتتا «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان يول مانا شۇ قەدىمكى كارۋان يولى ئاساسىدا راۋاجلانغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىنجاڭ مانا شۇ يىپەك يولىنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ يول چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)دىن باشلىنىپ ھازىرقى شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرى ئارقىلىق شىنجاڭ كارۋان يوللىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

① لۇشاۋۋېن: «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى»، 1989 - يىللىق 8 - سان.

جۇڭگو تارىخىدا بۇ يول ئەڭ دەسلەپ «خەن سۇلالىسى تارىخى»دا سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، بۇ يول «قاشتېشى قوۋۇقى (يۈمېن)، ياڭگۇەن ئۆتكەللىرىدىن چىقىپ، غەربكە (شىنجاڭغا) ئۆتكەندە ئىككىگە ئايرىلىدۇ: پىشامشانىنىڭ يېنى بىلەن تاغنىڭ شىمالى بوخې (波河) دەرياسىدىن غەربكە مېڭىپ يەركەنگە بارىدۇ. بۇ جەنۇبىي يول؛ مانا مۇشۇ جەنۇبىي يول غەربتە كۆكتارت تېغىدىن ئۆتۈپ ئۇلۇغ يۈجى، ئارشاك قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ؛ ئالدى قوش خانلىقى ئوردىسىدىن شىمالىي تاغ، بوخې دەرياسىنى بويلاپ قەشقەرگە بارىدىغان يول شىمالىي يولدۇر؛ بۇ يول غەربتە كۆكتارت تېغىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە، كانگىيە، ئانتسەيگە قەدەر بارىدۇ. بەزى ئاپتورلار مانا شۇ يۇقىرىقى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپلا جەنۇبىي، شىمالىي يول ــ ھەر ئىككىلىسى دۇنخۇاڭدىكى ياڭگۇەن ئۆتكىلى بىلەن قاشتېشى قوۋۇقى (يۈمېن)دىن ئايرىلىدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. ئادەتتە سىزىلغان ۋە چەت ئەللىك ئاپتورلار سىزغان خەرىتىلەرمۇ مانا شۇنداق سىزىلىپ كەلگەن.

بىزنىڭچە، بۇ خاتىرە پەقەت غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەھۋالنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن بەزى ئاپتورلار مۇشۇ خاتىرىلەرگە ئاساسەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول، ئوتتۇرا يول دۇنخۇاڭدىن ئايرىلىدۇ① دەپ يازىدۇ.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول دۇنخۇاڭ بىلەن قاشتېشى قوۋۇقى (يۈمېن)دا ئايرىلغان ئەمەس. بەلكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى روراندىن ئايرىلغان. چۈنكى روراننىڭ غەربىدىكى تەكلىماكان چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ توسالغۇلۇقى سەۋەبىدىن، قۇملۇقنىڭ ئىككى تەرىپى بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلگەن. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، مىلادىيدىن بۇرۇنقى 79 – يىلى (خەن سۇلالىسى يۈەنفېڭ 4 – يىلى) بوجېيزى پەرغانىغا بارغان، پەرغانە ئەسلىدە شىمالىي يولدا ئىدى، لېكىن روران ئارقىلىق ئۆتۈپ غەربىي شىمالغا مېڭىپ كۇچاغا، ئاندىن پەرغانىغا بارالىتتى، يەر ئاستىدىن چىققان يادىكارلىقلارمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ: «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە ئوچۇق قىلىپ: «پىشامشاندىن كۆكتارت تېغى ئارقىلىق غەربتىكى ئەللەرگە بارىدىغان ئىككى يول بار» دېيىلگەن. پىشامشان غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى روران شۇ. «بەنيۇڭ تەزكىرىسى»دە يەنە روران «غەربتە قارا شەھەر، كۇچاغا بارىدىغان يول ئۈستىدە» دېيىلىدۇ. قارا شەھەر بىلەن كۇچا شىمالىي يولدىكى مۇھىم شەھەرلەر، روران بولسا يول ئۈستىدە، ئۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، دۇنخۇاڭدىن كېيىن جەنۇبىي يول بىلەن شىمالىي يول تېزلا ئايرىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى رورانغا بارغاندىن كېيىن ئاندىن ئايرىلىدۇ. شۇڭا روران «ئۆتەڭلىك ئازابىنى تارتاتتى»، چۈنكى، «ئەلچىلەر مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ ئۆتەتتى. يىلىغا كۆپ بولغاندا ئون نەچچە قېتىم ئەلچىلەر كېلىپ كېتەتتى»، «ئۆتەڭ بولغان بۇ روران يول باشلاش، سۇ ۋە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇزۇتۇپ قويۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان» ئىدى.②

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھۇنلار (kuwox) قوشنى بېسىۋېلىپ، قوشنا دۆلەتلەرنى ئۇلۇغ يۈجىلار (توخرىلار) بىلەن مۇناسىۋەت قىلدۇرمىغان... شەرق بىلەن

① ليۇ زىشاۋ: «بېيەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1981 – يىللىق 1 – سان.

② «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي ئەل تەزكىرىسى».

غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يولنى ئۈزۈۋەتكەن»①، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا، يىپەك يولى قاتنىشىنى جەنۇبىي يولنى ئاساس قىلغان، يەنى دۈنخۇاڭدىن مېڭىپ قاشتېشى قوۋۇقى (يۈيمېن)دىن روران ئارقىلىق تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ياقىسى، قارا قۇرۇم تاغلىرى شىمالىي ئېتەكلىرى بىلەن غەربكە مېڭىپ، چەرچەن، نىيە، ئۇزۇن تات، خوتەن، پوسكام، يەكەن، تاشقورغان ئارقىلىق پامىردىن ئېشىپ ئىنەي (依耐) ۋە ئۇيرو (无雷)دىن ئۆتۈپ ئۇلۇغ يۈەجىلارغا (ھازىرقى ئافغانىستان بەلخ ئەتراپىدا) بارىدىغان بولغان ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 126-يىلى، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن ئۇلۇغ يۈەجىلاردىن قايتقاندا، «جەنۇبىي تاغنى بويلاپ ماڭغان» ئىكەن. ئۇ مانا مۇشۇ جەنۇبىي يول بىلەن ماڭغان بولسا كېرەك.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104-يىلى خەن سۇلالىسى سەنگۈنى لى گۇاڭلى پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ قايتقاندا «ئۇزۇن تاشتىن ئۆتكەن»؛ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 76-يىلى فېڭ فېڭشى پەرغانە مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ، «مىران شەھىرىگە بارغان... يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ، غەربتە پەرغانىگىچە قەدەر بارغان»دا②، ئۇمۇ مانا مۇشۇ جەنۇبىي يول بىلەن ماڭغان ئىكەن.

ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالىي يولمۇ روراندىن چىقىپ، كۆنچى دەرياسىنى ياقىلاپ، ئاۋۋال قارا شەھەرگە، ئاندىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ، بۈگۈر، كۇچا، ئۈچتۇرپان، قۇمۇم (ئاقسۇ)، قەشقەر ئارقىلىق تېرەك باغ يولىدىن ئۆتۈپ پەرغانىگە، كانگا (كانگىيە)غا باراتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 103-يىلى، لى گۇاڭلى 2-قېتىم پەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندا، بۈگۈرگە بېرىپ، بۇ يەردىن يەنە غەربكە قاراپ مېڭىپ، پەرغانە شەھىرىگە بارغاندا مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان. خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىمۇ شىمالىي يول بىلەن بولغان. بۇ يول بىلەن غەربكە مېڭىپ كۇچادىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە غەربكە ماڭاتتى. چاڭ خۇي ئۇيسۇنغا بارغاندا، كۇچادىن ئۆتكەن. ئۇيسۇن مەلىكىسى (جيېيۇي) قىزىنى پايتەختكە كۆچۈرۈپ (يەتتە تارلىق چالغۇ ئەسۋابى) ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەندە، ئۇنى ئۇزىتىپ ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتىلگەن خەن سۇلالىسى نەۋكەر بېگى يۈ فېڭمۇ كۇچادىن ئۆتكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60-يىلى (شۈەندى خان سەلتەنەت دەۋرى شىنجۆ 2-يىلى) ھۇن باتىس (غەرب تەرەپ) خانى خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇپ، خەن سۇلالىسى غەربىي ئەلدە قاراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن شىمالىي يول يېشامشاندىن ئۇدۇل ئالدى قوش خانى ئوردىگاھىغا (تۇرپانغا)، ئاندىن تەڭرى تېغى جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە كېتىدىغان بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 37-يىلى (يۈەندى خان سەلتەنەت دەۋرى جەنشاۋ 3-يىلى) غەربىي ئەل ياندىشى بېگى چېن تاڭ ھۇن تەڭرىقۇتى قۇتۇنۇشقا يۈرۈش قىلغاندا، شەھەر دۆلەتلىرى قوشۇنلىرىنى قوزغىغان، قوش تىركەك چېرىكچى بېگى تېرىنچى سىپاھ بەگلەرنى سەپەرۋەر قىلغان. ئالتە دورغاپ قوشۇندىن ئۈچ دورغاپ قوشۇن جەنۇبتا پامىردىن ئېشىپ پەرغانىدىن ئۆتكەن، ئۈچ دورغاپ قوشۇن قاراۋۇلچى بەگنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئۈچتۇرپاندىن شىمالىي يول ئارقىلىق قىزىل قورغان (赤谷)غا كىرىپ،

①② «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي ئەل تەزكىرىسى».

ئۆيسۇنلار ئارقىلىق كانگا، چېگرىسىغا ئۆتكەن، تىيەنچىننىڭ غەربىگە قەدەر بارغان.① چىن تاڭ باشلىغان ئۈچ دورغاپ ئەسكەر مانا شۇ تۇرپاندىن چىقىپ شىمالىي يول بىلەن غەربكە قاراپ ماڭغان.

قوش (kuwoxi) دەل شىمالىي يول ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ «غەربىي خەن سۇلالىسى ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئىش. پىشامشاندىن ئالدى قوش بارگاھىغا قەدەر قۇملۇقنى ياقىلاپ ماڭىدۇ، ئوت-چۆپ، سۇ يوق، يۇرۇش تەس، تۆت ئەتراپى بىپايان سوزۇلغان بۇ يولنى مۆلچەرلەش قىيىن».② شۇڭا «تىركەك ۋە ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى بەگ شۈي پو بۇ يولنى ئېچىپ، شۇ يول ئارقىلىق بەيلۇڭدۇي قۇملۇقىدىن ئۆتۈش ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان. ئارقا قوش خانى قوقىي بېكەت بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن».③ لېكىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچۇق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئارقا قوش خانى سۈي جىلى غەربىي ئەلگەجەن لىيڭ (سەنگون) كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆتكەن «قوي، كالا، ئاشلىق، يەم-خەشەك، يول باشلىغۇچى، تىلماچ يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئاچقالماي قېلىشتىن» ئەنسىرەپ، باش قېتىمچىلىققا قالغان. مىلادى 76-يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى جەنچۇ 1-يىلى) گېڭ گۇڭ قەشقەرنى تۇتۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، سېرىق چاچلار (ھازىرقى تىبەتلىكلەرنىڭ ئەجدادى) خەن سۇلالىسىدىن ياردەم تىلىگەن، ۋاڭ ماڭ يۇرۇش قىلغان، گېڭ گۇڭ شەرقتە قاشتېشى قوۋۇقىغا قەدەر كەلگەن، ئۇلار شۇ چاغدا مانا مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان. بۇ يول ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاندىن دۇنخۇاڭ روۋاننىڭ ئېرنىنى ئايلىنىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسى بولغان. ياڭگۇەن ئۆتكىلى بىلەن قاشتېشى قوۋۇقى مانا شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولنىڭ بوسۇغىسى بولغان. بۇ يول دۇنخۇاڭدىن غەربكە مېڭىپ قاشتېشى قوۋۇقىدىن چىقىدۇ، «پىشامشاندىن ئۆتۈپ، شىمالدا قۇمۇلدىن مىڭ چاقىرىمچە سوزۇلىدۇ. قۇمۇلنىڭ شىمالىدىن ئالدى قوش خانلىقى — قوچۇ قەلئەسىدىن 1200 چاقىرىمچە سوزۇلىدۇ... بۇ غەربىي ئەللەرنىڭ بوسۇغىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن تىركەك ۋە ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى بەگلەر ئالمىشىپ تېرىقچىلىق قىلىپ تۇراتتى».④ لېكىن روۋاندىن (پىشامشاندىن) قارا شەھەر، كۇچاغا بارىدىغان يول يەنىلا راۋان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، مانا مۇشۇ يول ئاساسىدا راۋاجلىنىپ «شىمالىي يېڭى يول» پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە جەنۇبىي يول، ئوتتۇرا يول (ئەسلىدىكى شىمالىي يول) ۋە يېڭى شىمالىي يولدىن ئىبارەت ئۈچ تارماق يول شەكىللەنگەن. يۈ خۇەن يازغان «ۋېيلىق خانلىقى خاتىرىلىرى» (魏略) دە، يېڭى شىمالىي يول توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەر بار. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، بۇ يول «قاشتېشى قوۋۇقى ئۆتكىلى غەربىي شىمالدىن چىقىپ، خېلى كېڭەيگەندىن ئۆتىدۇ، سەنلوڭشا ۋە لۇڭدۇي قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، ۋۇچۇەننىڭ

① «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى».
② «تىنچ گۈللىنىش دەۋرىدە تۈزۈلگەن دۇنيا ھەققىدە بايانلار».
③ «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى».
④ «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى».

شىمالىدىن چىقىدۇ، ئاندىن قۇش چېگرىسىدىكى تىزاكېك ۋە ئوتتۇرانچى چىرىكچى بەگ كونتروللۇقىدىكى قۇجۇغا بارىدۇ، بۇ يەردىن غەربكە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا يول بىلەن كۆچادا قوشۇلىدۇ ۋە يېڭى يول شەكىللەندۈرىدۇ». ئۇنىڭدا يەنە: «شىمالىي يېڭى يولدىكى شەرقىي سانجى دۆلىتى، ئۈرۈمچى دۆلىتى، پۇكالىڭ، بارىكۆل دۆلىتى، ماناس دۆلىتى قاتارلىقلار ئارقا قوش خانلىقىغا تەۋە... (بۇ يول) غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئۇيسۇن، كانگالارغا بارىدۇ» دېيىلگەن. بۇ شىمالىي يېڭى يول ئالدىنقى قوش خانلىقى قوجۇ قەلئەسىدىن ئارقا جىمسارغا 500 چاقىرىمچە كېلىدۇ. ئاندىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئارقا قوش خانلىقى بەگلىكلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرىنى ئايلىنىپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى بىلەن غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئۇيسۇن ۋە كانگاغا قەدەر بارىدۇ. بۇ يول ئوت-چۆپ، سۇ مول جايلارنى بويلاپ ماڭىدۇ، ئات-ئۇلاقلارنى بېقىشقا ئىنتايىن قولايلىق، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئوت-چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەچكە، سودىگەرلەرنىڭ قاتنىشى ئۈچۈن قولايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى مۇھىم بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە، ئۇنىڭ ئورنى بارغانسېرى مۇھىملاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولمۇ ئېتىبارغا سازاۋەر مۇھىم يولدۇر.

يۇقىرىقى ئۈچ يول ئارىسىدا يەنە بىر-بىرىگە تۇتىشىدىغان تارماق يوللارمۇ بولغان. ئۈچ يولدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىلىرىغا ئايرىم يوللىرىمۇ بولغان. مۇشۇ يوللار ئارقىلىق ئۇلار ئۆزئارا قاتناش-ئالاقە قىلىپ تۇرغان.

يۇقىرىقى خاتىرىلەردە زىكىر قىلىنغان ئۈچ يول ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن بىلىنىدۇكى، شىمالىي، ئوتتۇرا، جەنۇبىي يول دەپ ئاتالغان كېيىنكى «يىپەك يولى» شىنجاڭدىكى قەدىمكى قاشتېشى يولى، بىرونزا يولى، چوڭ كارۋان يولىنىڭ داۋامى ئىدى. بۇ يوللار شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن ۋە بۇ يەردىن شەرق ۋە غەربكە تۇتاشقان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. ب. لونوۋ: «پامىر ۋە تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئاسىيا رايونىدا ئولتۇراقلىشىشى» ناملىق ماقالىسىدە: «تاش قورال دەۋرىدىكى پامىر، تۈركىستان، ئافغانىستان، پەرغانە، غەربىي پاكىستان، ھىندىستان، ھازىرقى شىنجاڭ — تەڭرى تاغلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئارا يول بولغان. ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقى شۇ يولدا شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغا قاتناپ، سودا قىلىپ تۇرغان. بۇ يول تەرەققىي قىلىپ كېيىن مەشھۇر «يىپەك يولى»غا ئايلانغان. شۇڭا رىم ۋە يۇنان ئالىملىرى تارىم ۋادىسى بىلەن زەرەپشان ۋادىلىرىنى «يىپەك ئېلى» (Seris) دەپ «ئاتىغان» دەپ يازىدۇ. بۇ يول شىنجاڭدىن باشلىنىپ شەرقتە ئېلىمىزنىڭ سۈيۈەن، گەنسۇ، چىڭخەيدىكى كېيىنكى مەزگىللەردە چاڭئەن، قاتارلىق جايلىرىغا تۇتاشقان؛ غەربتە جەنۇبىي يول يېشىل شەھەر (ھازىرقى بەلخ) ئارقىلىق مەرۋى، ئارشاك، مېسوپوتامىيە (ئىتراقتا)، ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشاتتى؛ يېشىل شەھەردىن جەنۇبقا چۈشۈپ كەيپىر تېغى (开伯尔) ئاغزىدىن ئۆتۈپ، پېشاۋار، ھىندىستانغا قەدەر باراتتى؛ يەكەندىن غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ، سىند (辛头) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، شىيەندۇ (悬渡) دىن ئېشىپ ھىندىستان ۋە ئىران

قولتۇقىغا باردۇ؛ ئوتتۇرا يول پەرغانىدىن چىقىپ، كانگا (سەمەرقەنت) ئارقىلىق مەرۋىگە باردۇ، يەنىمۇ غەربكە مېڭىپ ئوتتۇرا دېڭىزغا باردۇ. كانگانىڭ غەربىي شىمالىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ ئالانىيە (ئائورسى)، كاسپىي دېڭىزغا باردۇ، يەنىمۇ غەربكە مېڭىپ قارا دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي يول سۇياب (توقماق)دىن ئۆتۈپ ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى ئايلىنىپ غەربكە مېڭىپ، قارا دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. بۇ ئۈچ يول ئوتتۇرا دېڭىز ۋە قارا دېڭىزغا بارغاندىن كېيىن، يەنىمۇ غەربكە سوزۇلۇپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تۇتىشىدۇ ياكى ئوتتۇرا دېڭىزدىن جەنۇبقا مېڭىپ شىمالىي ئافرىقىغا باردۇ. «يىپەك يولى» ئارقىلىق چەت ئەللەرگە يىپەك بۇيۇملىرى چىقىرىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە تۆمۈر، فار-فۇر بۇيۇملار، سىرلىق (سىرلانغان) بۇيۇملار، تېرە، رەۋەن (大黄) قاتارلىق نەرسىلەر چىقىرىلاتتى. پىلىنىينىڭ «تەبىئەت تەزكىرىسى» نامىلىق ئەسىرىدە: «چىندىن چىقىرىلغان تاۋارلار ئىچىدە تۆمۈر ۋە تېرە بار» ئىدى، «رىم بازارلىرىدا ھەر خىل تۆمۈر ئەسۋابلار سېتىلاتتى، لېكىن بۇ ھەر خىل تۆمۈرلەر ئىچىدە چىننىڭ تۆمۈرى ئەڭ ئەلا ئىدى. چىنلىقلار ئۇنى ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملار ۋە تېرە ماللار بىلەن بىرلىكتە بىزگە چىقىرىپ بېرەتتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ شاپتۇللىرى، ئۆرۈكلىرىمۇ غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا قاتارلىق جايلاردا يىلتىز تارتقانىدى» دېيىلىدۇ.①

شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ «يىپەك يولى» ئارقىسىدا نەسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

شىنجاڭدا يىپەكچىلىكنىڭ قاچان باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك يازما ھۆججەتلەر بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسەن تەخمىن قىلىش مۇمكىن. 1976-يىلدىن 1978-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي تاغ (نەنشەن) ئالغۇي جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدىن تېپىلغان قەبرىلەردىن (بۇلارنىڭ ۋاقتى يېغىلىق دەۋرى يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475—221-يىللار) قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئەسلىدىكى دوكلاتتا: بۇلار ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ يالدامىسى دەپ يەكۈن چىقىرىلغان، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى يازغان «شىنجاڭ ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ، ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن قەبرىلەردىن قېزىش ھەققىدىكى قىسقىچە دوكلات» («مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى، 1981-يىللىق 1-سان، 18—22-بەتلەر، 8-رەسىم) تا ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە يىپەك پارچىسى ئېيتىلغان. يىپەكتىن توقۇلغان تورلار چىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىزلىرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى غەرب ئاپتورلىرى شىنجاڭنى «يىپەك ئېلى» دەپ چۈشەنگەن ھەم ئۇ ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە كۆپ مەلۇماتلارنى بەرگەن.

① بەزى خەنزۇ ئاپتورلار غەرب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى «چىن» سۆزىنى «جۇڭگو» دەپ چۈشىنىدۇ، ھەر خىل توقۇلما ۋە تېرىلەرنى جۇڭگودىن چىقىرىلغان دەپ قارايدۇ. لېكىن جۇڭگو چارۋىچىلىق دۆلىتى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ سىرتقا تېرە چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەر جۇڭگونىڭ خاراكتېرلىك مېۋىلىرى ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان نەرسىلەر مانا مۇشۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىلغان. بۇ يەردە غەرب ئاپتورلىرى ئېيتىۋاتقان «چىن» ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا قارىتىلغان.

«يىپەك يولى» ھەققىدە دۇنيا ئالىملىرى بەرگەن مەلۇماتلار تارىخنى رېئاللىققا ئۇلىغان. مەيلى جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن بولسۇن، مەيلى يىپەك يولىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ چىراي تەسۋىرىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك بەلگىلەر جەھەتتىن بولسۇن، قەدىمكى غەرب مەنبەلىرىدە كۆپ زىكىر قىلىنغان. بۇ «يىپەك يولى»، شەك-شۈبھىسىزكى، شىنجاڭدىكى قەشقەرنى مەركەز قىلىغان يەكەن، خوتەننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ ئالىمى چيەن بوچۇەن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى غەرب ماتېرىياللىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، يىپەك يولى (سېرىس) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھىندىستان بىلەن سىتىيان (Say:hians) ئارىلىقىدا ئەمەس ھەمدە تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغانمۇ ئەمەس، باكتىرىيىلىكلەرنىڭ تەسىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ چىچى قىزىل، كۆزى كۆكمۇ ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، ئەينى ۋاقىتتا غەربلىكلەر جۇڭگونى باشقا نام بىلەن ئاتايتتى... پاكىتلاردىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، سېرىس (يىپەك يولى) سۇلې (قەشقەر)دۇر...»①

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى كونا ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچان ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراسىتى بىلەن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭ ھەسسە قوشتى. قىيا تاش سىزمىلىرىمۇ مانا مۇشۇ مەدەنىيەت جۈملىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، قۇتۇبىي ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان تەڭرى تاغ ئىچىدىكى قىزىلتاش (康家石门子) دېگەن يەردىكى قىيا تاش سىزمىلىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ يەردىكى قىيا تاشقا سىزىلغان رەسىملەردە ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدىكى جىنسىي چوقۇنۇش ئادىتى ناھايىتى روشەن ئىپادە قىلىنغان. بۇ ھەقتە ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز ئۇچراتقان ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ، بۈتۈن دۇنيادىكى شۇنچىۋالا زور كۆلەملىك تاش ئويما رەسىملەرنىڭ ھەممىسىدىن بۇيىچە تۇنجى قېتىم بايقىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش ھەققىدىكى رەسىملەردىن تېخىچە مۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر ھەققىدە بىرەر مەلۇمات يولۇقتۇرمىدۇق».② مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردىن بۇرۇن گرېكلاردا ئەرلەرنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى سىزىش ۋە ئويۇش ئۇسلۇبى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاياللارنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى سىزىش ئادىتى يوق ئىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئارىسىدا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى سىزىش ۋە قىيا تاشلارغا ئويۇش ئەڭ ئومۇملاشقان. شىنجاڭنىڭ چاغانتوقاي، مىچۇەن ناھىيىلىرى ۋە مايتاغ رايونى ھەمدە قۇتۇبىي ناھىيىسى قىزىلتاشتىكى جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇشقا دائىر قىياتاش سىزمىلىرى بۇنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتىدۇر.

شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىپەك يولى بويلاپ تىل-يېزىق ۋە مەدەنىيەت،

---

① چيەن بوچۇەن: «سېرىس ھەققىدە»، «غەربىي ئەل تارىخ مەجمۇئەسى»، 1-قىسىم، 154—155-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985-يىل خەنزۇچە نەشرى.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «قۇتۇبىي ناھىيە قىزىلتاشتا چېكىلگەن جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش رەسىملىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1989-يىللىق 1-، 2-سان.

سەنئەتتە تۇتقان ئورنىمۇ ئىنتايىن چوڭ.
... دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىكى تارىخ كىتابلىرىدا، غەربىي دىيار دەپ ئاتالغان ھازىرقى شىنجاڭ مەتبەئەچىلىك ھەركەتلىرىدىن بىرى. ئەينى تۇرپاندىن تېپىلغان مەتبەئە ماتېرىياللىرىنىڭ تارىخىي ئۈستىدە تەخمىنەن بىر نەرسە دېيىش قىيىن بولسىمۇ، ئەمما بەزى غەرب ئالىملىرى تۇرپاندىن تېپىلغان بىر ھۆججەت ماتېرىيال پارچىسىدا كۆرۈلگەن چىڭگىزخاننىڭ ئىسمى ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىگە قاراپ، ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكىنى مىلادى 1300 ـ يىللارغا مۇقىملاشتۇرماقتا. كارتېر: «تۇرپان ياغاچ تاختا مەتبەئە ماتېرىياللىرىدا ئالتە خىل يېزىق بار: ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە سانسكرىت يېزىقىدىكى مەتبەئە ماتېرىياللىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ» دەيدۇ.①

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مىلادى 1300 ـ يىلىغا ئائىت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ گويا مىخ ھەرپلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مىخ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكىنى مىلادى 1300 ـ يىلىدىن باشلانغان دەپ پەرەز قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇۋېتىشكە بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ھازىرغىچە ئالىملارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولمىغان يەنە باشقا ماتېرىياللارمۇ بار. مەسىلەن، ئەنگلىيە ئارخېئولوگى (ئەسلى ۋېنگىر ئىكەن) ئاۋرېل ستەيىن تۇرپاندىن تاپقان يازما ماتېرىياللار ئىچىدىن تۇيۇقسىز بىر باسما ھەرپ بىلەن بېسىلغان ماتېرىيالنى ئۇچراتقان. ئۇنىڭدا باسما ھەرپلەر بىلەن «ئىدىقۇت 34 ـ يىلى... ئائىلىسىدە غالجىر ئىت بار، يولۇچىلار ئېھتىيات قىلسۇن...» دېگەن سۆزلەر بېسىلغان. «ئىدىقۇت 34 ـ يىل» نى تارىخچىلار مىلادى 949 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارىغان. خەنزۇ يىلنامىچىلىرى بويىچە «ئىدىقۇت 34 ـ يىلى» نى سۇي سۇلالىسى يىلنامىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، سۇي سۇلالىسى تەيخۇاڭ 14 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئا. ستەيىن ئۆزى تاپقان ماتېرىيالدىكى بۇ يېزىقلارنىڭ ئېنىق مەتبەئە خېتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.② مانا بۇ ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يىلنامىلىرى بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. موڭغۇللار دەۋرىدىكى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى غەربكە تارقىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر بارغان. بۇ تېخنىكىنىڭ XIV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر بارغانلىقى ھەقىقەتەن چوڭ ئىش. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ جېننىڭ ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ئىشلەتكەن بولۇشى ياكى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى يەككە ھەرپكە ئايلاندۇرۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇندىن بار بولۇشى، بەلكى ۋاڭ جېننىڭ كەشپىياتىدىن كۆپ بالدۇر بولۇپ، پەقەت تارىخىي خاتىرىلەرگە چۈشمەي قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ستەيىنى تۇرپاندىن تاپقان ھۆججەت ماتېرىياللار ئىچىدىكى «ئىدىقۇت 34 ـ يىلى» دېگەن باسما خەت بۇنىڭ ئوبدان ئىسپاتى دۇر.

① «يىپەك يولى» تارىختا ھەرگىز سودا ـ تىجارەتچىلەرنىڭ يىپەك سودىسى يولىلا بولۇپ

①② فۇ يۈخۇەن: «ئەڭ بالدۇرقى بىر پارچە جۇڭگو ماتېرىيالى» «تارىخ ئوقۇتۇش» 1 ـ ...

قالغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ غەربىي ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ئالاقە ئورناتقانلىقىنى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاسىيا، شۇنداقلا شەرقنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى. قەدىمكى زامانلاردىلا ئۇ دۇنيادىكى تۆت قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەت — جۇڭگو، ھىندىستان، مىسىر، بابىل ۋە ياۋروپادىكى قەدىمكى گرېتسىيە، رىم قاتارلىق جايلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكى ۋە ياۋروپا، ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى دوستلۇقىنى باغلايدىغان بەلباغقا ئايلانغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ھەمدە ئۇ شانلىق شۆھرەت بىلەن دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئەبەدىيلىككە كىرگۈزۈلگەن.

ئالىملار ئومۇمەن پامىرنى چېگرا قىلغان ھالدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. شەرقىي قىسمىنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، غەربىي قىسمى يۇنان - رىم، پارس (ئىران)، ھىندىستان مەدەنىيىتى تەسىرىگە ئۇچرىغان. تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودىدا ئىشلارغا ماھىر بولۇپ، كۆپ خىل تىللىق، كۆپ خىل يېزىقلىق بولغانلىقى ۋە تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، ئۇلار تۈرلۈك دىن ۋە مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، يەنە نۇرغۇن دىنىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ چىققان. شۇنىڭدەك يەرلىك مىللەتلەردىن نۇرغۇن ئەدىب، پەيلاسوپ، تەرجىمان ۋە سەنئەتكارلار مەيدانغا كەلگەن.

مىلادىيە VIII ئەسىردە ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئەرەب ئىمپېرىيىسىگە قارىتىلغان. بۇ چاغدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى گېرمانلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدۇ. غەربىي ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىرلىك فېئوداللىق زۇلمەت دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. يۇنان، رىم مەدەنىيىتى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ: ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي قىسمىنىڭ مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلاردىن ئەرەبچىنى بىلىدىغان نۇرغۇن ئالىم ۋە يازغۇچىلار مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن، IX ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىسلام دۇنياسىدا ئەرەب يېزىقىدا ئەسەر يازغان مەشھۇر ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇغۇلۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كىشىلەر ئىدى. سامانىيلار دەۋرىدە جەمئىيەت بىر قەدەر تىنچ بولغاچقا، باشقا جايدىكى مۇسۇلمان ئالىملارمۇ مەدەنىيەت تەرەققىي تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ كەلگەنىدى. ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى كۆپ جەھەتلەردە ياۋروپادىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى. مانا شۇ دەۋرلەردە مەشھۇر ماتېماتىك، ئەبۇ جافار مۇھەممەت ئىبنى مۇسا ئەل خارەزمى (خارەزملىك)، ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم ئەھمەت ئەل فەرغانى (فەرغانىلىق)، پەيلاسوپ ئەبۇ نەسىر فارابىغا ئوخشاش ئالىملار مەيدانغا كەلگەنىدى. فارابى بولسا ئۆز زامانىسىنىڭ

چوڭ ئالىمى ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەبچە يازغان. ئۇنىڭ تۆھپىسى شۇ يەردىكى ئۇ ئارستوتېلنىڭ تەلىماتى ۋە يېڭى ئەپلاتونىزمنىڭ پەلسەپىۋى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزگەرتكەن، راۋاجلاندۇرغان. يەنە شۇ زاماندىكى ئاتاقلىق ئالىمنىڭ بىرى — ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئىدى. ئۇ بۇخارالىق بولۇپ، تېببىي ئالىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە پەيلاسوپ، شائىر ھەم سىياسىي ئەرباب ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەرەبچە، بىر قىسمىنى پارسچە يازغان.

سامانىيلار دەۋرىدە، جۇغراپىيە ئىلمى بىر قەدەر راۋاجلانغانىدى. ئىسلامىيەتتىكى تارىخ ۋە جۇغراپىيەشۇناسلىق قۇرئان تەتقىقاتىغا ئەگىشىپ راۋاجلانغان. مۇسۇلمانلار سودىگەرچىلىككە ئۇستا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قەدىمى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ بارغانىدى. بۇ ھال ئۇلاردا جۇغراپىيەشۇناسلىقنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تامىم ئىبنى بەھر ئەل مۇتتەۋۋى مىلادى 821-يىلى شەرقتە ساياھەت قىلىپ، توققۇز ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) يېرىگە كەلگەن. يەنە ئەبۇ دۇراف، مىسار ئىبنى مۇخەلھىل شەرققە ساياھەت قىلىپ، شەرقىي قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا (ھازىرقى شىنجاڭ) دىن ئۆتۈپ، خېشى كاردورىدىكى شىيەندەنگىچە قەدەر بارغان. سامانىيلار خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى جاھانى چەت ئەللىكلەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراش ئارقىلىق جۇغراپىيىگە دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى توپلىغان. چۈنكى ئۇ چاغدا سامانىيلار خانلىقى قارلۇقلار بىلەن قوشنا بولغاچقا، ئۇلار يىراقتىن دىپلوماتىيە يۈرگۈزۈپ، يېقىندىن ھۇجۇم قىلىپ، قارلۇقلارنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىشكە قىزىققان. يەنە مىلادى IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، نامى يۈتكەن بىر ئاپتور 982-يىلى «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق بىر ئەسەرنى يازغان. بۇنى شۇ چاغدىكى جۇغراپىيە بىلىملىرىنىڭ مەجمۇئەسى دېيىشكە بولىدۇ.

سامانىيلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار سودا پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شەرق قىسمى — ھازىرقى شىنجاڭغا تارقىتىپ، بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنى ئىسلاملاشتۇرغان. كېيىن قاراخانىيلار خانلىقى سامانىيلار خانلىقىنى يوقاتقان. قاراخانىيلار خانلىقى بىر تەرەپتىن، غەربتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب مۇسۇلمانلىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىقۇت (قوچۇ) خانلىقى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى ئالغا سۈرگەن. نەتىجىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»تەك ئالەمشۇمۇل بۈيۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئىككى گىگانت ئەسەر ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان زور تۆھپە بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتقان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان نۇرغۇن ئۇقۇمۇشلۇق ئەربابلار ئۆتكەن. بۈيۈك بۇددا ئالىمى كۇچالىق كۇماراجىۋا (344 — 413 — يىللار)، قەشقەرلىك بۇددا ئالىمى خۇيلان ۋە فورتېنىڭ، ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناس سۇجۇپ ئاقارى، رەسسام ۋېساراسانگا قاتارلىقلار ۋە يۈەن (موڭغۇل) سۇلالىسى دەۋرىدىكى

ئالىملاردىن تىلشۇناس ۋە پېداگوگ تاتاتۇڭا، ئارغۇن سارىق، قۇبلاي خاننىڭ باش ۋەزىرى لىيەن شىشەن، تەرجىمان ئەنزاڭ، يېزا ئىگىلىك ئالىمى لومىڭشېن، تارىخشۇناس لىيەن ئاخۇيشەن قىيا، گېنېرال چاغان تۆمۈر، ئارىق قىيا، ئەدىبلەردىن سەيدۇللا، سەۋنچ قىيا، مازۇچاڭ قاتارلىقلار شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

قاراخانىلار بىلەن زاماندا بولغان غەزنەۋىلەر خانلىقى سۇلتانى مەھمۇت غەزنەۋى ئەدىبلەر ۋە ئالىملارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەرگەن. ئۇلۇغ پارس (ئىران) شائىرى فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» داستانىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن يەنە بىر مەشھۇر ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي (973 — 1048 - يىللار) بولۇپ، ئۇ كەڭ بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇ تۈركچە، پارسچە، ئەرەبچە تىل - يېزىقنى مۇكەممەل بىلگەندىن تاشقىرى، يەنە سانسكرىتچە، ئىبرانىيچە، سۈرىيچە تىل - يېزىقلارنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ يەنە ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك، فىزىكا، تارىخ قاتارلىق ئىلىملەرگە كۆپ ھەسسە قوشقان بولۇپ، ئۆز ھاياتىدا 150 پارچە ئىلمىي ئەسەر يازغان. 1017 - يىلدىن كېيىن بىرۇنىي ھىندىستانغا بېرىپ ھىندى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغان ۋە ھىندىستان تارىخىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە «كانشۇناسلىق» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭغا زاماندىش بولغان سامانىلار خانلىقىنىڭ يەنە بىر ئالىمى ئۇتبى ئەرەب يېزىقىدا «تارىخىي ئەمىنىي» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر سامانىلار خانلىقىغا دائىر مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللاردۇر.

IX ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە قەدەر بولغان بۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر يۇقىرى پەللە ئىدى. XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە قەدەر داۋام قىلغان تۆمۈرىيلەر دەۋرى بۇنىڭ يەنە بىر يۇقىرى پەللىسى بولدى.

تۆمۈر گەرچە كۆچمەن چارۋىچى قەۋمدىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىڭگىزخانغا قارىغاندا بىلىملىكرەك ئىدى. تۆمۈر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنى ئىستېلا قىلىش جەريانىدا، زور كۆلەمدە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇ جايلاردىكى ئەدىب، ئالىم، ھۈنەرۋەن - ئۇستىكارلارنى ئۆزىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتكە يىغىپ، سەمەرقەنتنى دۇنيا بويىچە ئەڭ مەدەنىي، ئەڭ ئېسىل، ئاۋات، باياشات شەھەرگە ئايلاندۇرماقچى بولغان. تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىسى شاھرۇخ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ھېرات شەھرىنى پايتەخت قىلدى ۋە ئۇمۇ ھېرات مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. شۇڭا بۇ ئىككى شەھەر ئەينى زاماندا، قۇرۇلۇشى ھەشەمەتلىك، ئىلىم ئەھلى توپلانغان مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ، بىر مەزگىل گۈللىنىش دەۋرىنى باشتىن كۆچۈردى. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا زىيالىيلار ئەمدى ئەرەبچىنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىي تىلى دەپ ھېسابلىمايدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر-چاغاتاي تىلىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوللىنىدىغان بولغانىدى. شۇ دەۋرلەردە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىرمۇنچە ئۇلۇغ ئەدىب - يازغۇچىلار، ئالىملار مەيدانغا كەلدى. تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا مەشھۇر تارىخشۇناسلار - دىن ئىبنى ئەرەبشاھ (1392 — 1450 - يىللار)، نىزامىددىن شەمىي، شەرەپىددىن يەزدى،

مىركىۋاند ۋە كىۋاندمىر، ئالىملاردىن سەئدىدىن، تەفتازانى ئىبنى ئۆمەر (1322 — 1395 - يىللار). مەشھۇر شائىر ھافىز، خوجەندلىك قەمەر قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى، شاھرۇخنىڭ ئوغلى، مەۋارائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ ئالىم ئىدى. ئۇ ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ئىلمىگە كامىل ئىدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈپ چىقىلغان «ئاسترونومىيە كالېندارى» ئىسلام ئاسترونومىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ھىراتنىڭ سۇلتانى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى ھەم يېقىن دوستى — ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر ناۋائىي بۈيۈك ئەدىب، شائىر ۋە سىياسىي ئەرباب ئىدى. ئۇنىڭ زامانىدىكى پەرغانە شاھى، كېيىن ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بابۇرمۇ چوڭ ئەدىب ئىدى. بۇ ئىككى گىگانت ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان، ھەتتا تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بابۇرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى مىرزا ھەيدەر مەشھۇر سىياسىي ئەرباب ۋە تارىخشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ پارسچە يازغان «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

تۆمۈر خانلىقى دەۋرىدىكى رەسساملىق پارس ۋە جۇڭگو رەسساملىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇ زامانلاردا بېخزادە قاتارلىق مەشھۇر رەسساملار مەيدانغا كەلگەنىدى.

ھىراتتا ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب ساقلىنىدىغان كۇتۇپخانا بار ئىدى. بۇ كۇتۇپخانا ئەينى زاماندا يەنە كىتاب چىقىراتتى. ئۇ يەردە كىتاب كۆچۈرگۈچى خەتتاتلار، كىتاب تۈپلەش ئۇستىكارلىرى، رەسساملار بار ئىدى. فىردەۋسىي يازغان قىستۇرما رەسىملىك «شاھنامە» مانا شۇ يەردە ئىشلەنگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلۇشلارمۇ ئىنتايىن كۆركەم — چىرايلىق بولۇپ، شۇ زاماندىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيا مەنىۋى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ماددىي جەھەتتىنمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر — سەنئىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شۇ زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى قايسى جەھەتتە بولسۇن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى ئورنىدا تۇراتتى.

XVI ئەسىردىن كېيىن، غەربىي ياۋروپالىقلار دېڭىز يولىنى تاپتى، شۇنىڭ بىلەن سودا يولى يۆتكىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «يىپەك يولى» قاتنىشىنىڭ توختاپ قېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيانى خاراپلىققا يۈزلەندۈردى. لېكىن شۇنداقتىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى يەنىلا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

# «خەننامە» ئىچىدىكى پامىر خاتىرىلىرى توغرىسىدا

شىرىن قۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس بەن گۇنىڭ «خەننامە»سىدىكى پامىر مەلۇماتلىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى «خەننامە»نى داۋاملاشتۇرغۇچىلارنىڭ پامىر مەلۇماتلىرى ھەققىدىكى شەرھلىرى دەۋر تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن، ھەمدە مۇھىم يەرلەر جۇغراپىيەسى شەرھلەنگەن. ماقالىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار قەدىمكى پامىر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«خەننامە» (汉书) — «ئالدىنقى خەننامە» (前汉书) ۋە «كېيىنكى خەننامە» (后汉书) نىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. «ئالدىنقى خەننامە» (120 جىلد) شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 25 — 220 ـ يىللىرى) دە ئۆتكەن تارىخشۇناس بەن بياۋ (班彪، مىلادى 3 — 54 ـ يىللىرى)، بەن گۇ (班固، مىلادى 32 — 92 ـ يىللىرى) ۋە بەن جاۋ (班昭، مىلادى 49 — 120 ـ يىللىرى) دىن ئىبارەت بىر ئائىلە، ئىككى ئەۋلاد كىشىلەر (بەن گۇ ـ بەن بياۋنىڭ ئوغلى، بەن جاۋ ـ بەن بياۋنىڭ قىزى) نىڭ بىر ئۆمۈر زور ئەجىرى بەدىلى بىلەن پۈتكەن. «ئالدىنقى خەننامە» تارىخ ئەھلى ئارىسىدا ئادەتتە بەن گۇنىڭ نامى بىلەن «بەن گۇ خەننامىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەن گۇنىڭ 20 نەچچە يىللىق رىيازىتى بىلەن قوشقان تۆھپىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ «ئالدىنقى خەننامە»نىڭ مۇئەللىپى بولۇشقا مۇناسىپ.

«كېيىنكى خەننامە» (130 جىلد) جەنۇبىي سۇلالىلەرنىڭ سۇڭ دەۋرى (مىلادى 420 — 479 ـ يىللىرى) دە ئۆتكەن تارىخچى فەن يې (范晔، مىلادى 398 — 445 ـ يىللىرى) يازغان. «كېيىنكى خەننامە» بىلەن غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 265 — 316 ـ يىللىرى) دە ئۆتكەن سىما بياۋ (司马彪، مىلادى 386 ـ يىلى ۋاپات بولغان) يازغان «خەننامە داۋامى» (续汉书) نىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن تەركىب تاپقان.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «تىلسىمات ماكان»، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ تەرىپلەنگەن پامىر ئېگىزلىكى ھەققىدە بىر قەدەر كۆپ مەلۇماتلار كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى پامىر ھەققىدىكى بىۋاسىتە مەلۇماتلار، بىر قىسمى پامىر ھەققىدىكى ياكى جەھەتتىن بېرىلگەن ۋاسىتىلىك مەلۇماتلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

بۇ ماقالىدە، پەقەت بەن گۇ «خەننامە»سى، يەنى «ئالدىنقى خەننامە» ئىچىدىكى پامىر مەلۇماتلىرى توغرىسىدىلا قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

## 1. «سوڭلىك» توغرىسىدا

«سوڭلىك» (葱岭) ئېگىز يەر بولۇپ، 12 كۈن ماڭغاندا چوققىسىغا چىققىلى بولىدۇ. («تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى»، 50 ــ جىلد).

«سوڭلىك» ــ (葱岭) تارىخچى بەن گۇ «ئالدىنقى خەننامە»دە قوللانغان خەنزۇچە نام. «ئالدىنقى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «سوڭلىك» دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى بايانلاردا ئۇچرايدۇ. بەن گۇ پۈتكۈل غەربىي يۇرتنى بايان قىلغاندا مۇنداق دەپ يازغان: «غەربىي يۇرت شياۋۇ (孝武) يىللىرىدا خەنگە قارام بولۇشقا باشلىغان، بۇ يەردە ئەسلىدە 36 بەگلىك بولۇپ، كېيىن 50 نەچچىگە كۆپەيگەن. ئۇرنى هۇنلارنىڭ غەربىگە، ئۇيسۇنلارنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدە چوڭ تاغ، ئوتتۇرىسىدا دەريا بار، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 6 مىڭ چاقىرىمدىن، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىقى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ، شەرقىي خەنگە تۇتىشىدۇ، قاشقۇۋۇق (玉门) ياڭگۇەن قوۋۇقى (阳关) دىن باشلاپ سوڭلىككىچە (葱岭) بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەنۇبىي تاغ (كۇئېنلۇن تېغى) جىن چېڭ (金城) دىن باشلىنىپ، خەننىڭ جەنۇبىي تېغىغا تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردىكى دەريانىڭ ئىككى مەنبەسى بار، بىرى، سوڭلىكتىن باشلىنىدۇ. يەنە بىرى، ئودۇن (خوتەن) دىن باشلىنىدۇ. ئودۇن جەنۇبىي تاغنىڭ باغرىدا. ئودۇن دەرياسى شىمالغا قاراپ ئېقىپ، سوڭلىك دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، پۇچاڭخەي (浦昌海، لوپنۇر كۆلى) گە قۇيۇلىدۇ. پۇچاڭخەي تۇزلۇق كۆل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كۆلنىڭ قاشقۇۋۇق، ياڭگۇەن قوۋۇقىغىچە بولغان ئارىلىقى 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ، كۆلنىڭ كەڭلىكى 300 چاقىرىم كېلىدۇ. سۈيى توختام بولۇپ، يىلبويى بىر خىل هالەتتە تۇرىدۇ. يەر ئاستىدىن ئېقىپ، جەنۇبتا قورام تاشلار ئارىسىدىن چىقىپ، جۇڭگو دەرياسى (خۇاڭخې دەرياسى) نىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.» («ئالدىنقى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1983 ــ يىل 4 ــ نەشرى، 3771 ــ بەت).

بەن گۇ يەنە غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى يوللىرىنى بايان قىلغاندا: «قاشقۇۋۇق ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار. بىرى، پىشامشان (鄯善) دىن باشلىنىپ، جەنۇبىي تاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى بىلەن دەريا ۋادىلىرىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ يەركەنگە بارىدۇ، بۇ جەنۇبىي يول. جەنۇبىي يول سوڭلىكتىن ئۆتۈپ، توخرىلار (大月氏) ۋە ئارساك (安息) قا بارىدۇ. يەنە بىرى، ئالدىنقى قانقىل ئوردىسى (车师前) دىن باشلىنىپ، شىمالىي تاغ (خان تەڭرى تېغى) ئېتەكلىرى بىلەن دەريا بويلىرىنى ياقىلاپ غەربكە سوزۇلۇپ سۇلې (قەشقەر) گە بارىدۇ. بۇ شىمالىي يول. شىمالىي يول غەربتە سوڭلىكتىن ئۆتۈپ، داۋەن (پەرغانە)، كانگيۈيە (سەمەرقەند) ۋە ئائورسى (هازىرقى كاسپىي دېڭىز بىلەن ئورال بويلىرى) گىچە بارىدۇ» دەپ يازغان (بەن گۇ: «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1983 ــ يىل نەشرى، 3872 ــ بەت).

بەن گۇنىڭ «خەننامە» سىدىكى «سوڭلىك» (葱岭) سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ توغ

رىلىق مۇئەللىپ بەنگۇ ئۆز كىتابىدا ھېچقانداق شەرھ بەرمىگەن. تاڭ خاندانلىقى (مىلادى 618 — 907 - يىللىرى) نىڭ مەشھۇر شەرھشۇناسى، «خەننامە» شەرھچىسى يەن شىگۇ (مىلادى 581 — 645 - يىللىرى) «خەننامە» دىكى «سۇكلىك» سۆزىنى «غەربىي دەريا ساھىلىدە ئۆتكەن ئىشلار» (西河旧事) دېگەن كىتابتىكى شەرھىگە بويىچە، پامىرنىڭ تاغلىرى چوڭ ھەم ئېگىز، پامىر تاغلىرىدا ياۋا پىياز كۆپ ئۆسىدۇ، شۇڭا، ئۇ يەر «سۇكلىك» (葱岭)، يەنى «پىيازلىق تاغ» ياكى «باراقسانلىق ئېگىزلىك» نامى بىلەن ئاتالغان دەپ شەرھلىگەن.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 386 — 534 - يىللىرى) دە ئۆتكەن جۇغراپىيەلىك ئالىم لى داۋيۈەن (مىلادى 472 — 527 - يىللىرى) ئۆزىنىڭ «سۇ قامۇسىغا ئىزاھ» (水经注) ناملىق ئەسىرىدە، «غەربىي دەريا ساھىلىدە ئۆتكەن ئىشلار» دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «سۇكلىك» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «سۇكلىك دۇنخۇاڭدىن غەربتە 8 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا، ئۇنىڭ تاغلىرى ھەم زور، ھەم ئېگىز، ئۇ يەردە ياۋا پىياز ئۆسىدۇ. شۇڭا، قەدىمكىلەر ئۇ يەرنى «سۇكلىك» (葱岭) دەپ ئاتىغان.»

قەدىمكى زامان غەربىي يۇرت تەتقىقاتچىسى گۇ يىگۇڭ ئۆزىنىڭ «ئومۇمىي تەزكىرە» ناملىق ئەسىرىدە: «سۇكلىك تاغلىرى يۈك - باراقسان بولۇپ، دائىم كۆكلەم تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتسە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پامىر بەگلىكلىرىدىن «خۇنزا بەگلىكى» (捐毒国) نى تونۇشتۇرغاندا، «خۇنزا بەگلىكى سۇكلىكتە بولۇپ، تاغلىرىدىن پىياز كۆپ چىقىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

سۇڭ ۋە يۈەن خاندانلىقلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋە «ئەللىك ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» (资治通鉴) ناملىق ئەسىرىنىڭ شەرھچىسى خۇ سەنشىڭ (مىلادى 1230 — 1302 - يىللىرى) مۇ «سۇكلىك» سۆزىنى «خەننامە» شەرھچىسى يەن شىگۇ بىلەن ئوخشاش ئىزاھلىغان.

گەپ ئارىسىدا شۇنىمۇ قوشۇپ قويۇش زۆرۈركى، «خەننامە»نى دەللىنىگۇچىلەرنىڭ «سۇكلىك»نى «پىيازلىق تاغ»، «باراقسانلىق ئېگىزلىك» دەپ شەرھلىشى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا ماس كېلىدۇ. پامىر تاغلىرىدا ھەقىقەتەن تاغ پىيىزى ناھايىتى كۆپ ئۆسىدۇ. بۇ خىل ياۋا پىيازنىڭ تۈرى، شەكلى، تەمى ھەر خىل بولۇپ، تاجىك تىلىدا ئوخشىمىغان نام بىلەن «ۋەدار»، «لەدەرچ»، «پىياز» دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا بولار بىرلا نام بىلەن «葱» (سۇڭ) دېيىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا «سۇكلىك» «كۆك ئارت» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كېلىمەكتە. «كۆك ئارت»نىڭمۇ سۆز مەنىسى «كۆكلەم جاي» دېگەنلىك بولىدۇ.

پامىر رايونى ئېلىمىزنىڭ ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىللار) دا، «چۇنشەن» (春山) ياكى «جۇڭشەن» (钟山) دەپ ئاتالغان.

«مۇتىيەنزى تەزكىرىسى» ناملىق قەدىمكى ئەسەردە يېزىلىشىچە، مۇتىيەنزى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىپ، كۇئېنلۇن تېغىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن يەنە شىمالىي مەنزىل بويىچە مېڭىپ ئاخىرى چۇنشەن (پامىر ئېگىزلىكى) گە چىقىپتۇ. ئۇ ھەيۋەتلىك چۇنشەندىن تۆت تەرەپكە نەزەر تاشلاپتۇ. پامىرنىڭ ھەۋزى - كەۋسەر، چەشمە - بۇلاق سۇلىرى،

ئوت-چۆپ ۋە گۈل-گىياھلىرى، ئۇچار-قاناتلار ۋە تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلىرى، نەپىس ۋە گۈزەل قاشتېشىلىرى مۇتىيەنزىنى بۆلەكچە مەپتۇن قىلغانىدى. ئۇ ھاياجانلىق بىلەن: «پامىر ھەقىقەتەن ئالەمدىكى ئەڭ ئېگىز يەر ئىكەن!»، «بۇ يەر راستىلا قەدىمكى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن سېھىرلىك ئالەمنىڭ ئۆزى ئىكەن!» دەپتۇ. مۇتىيەنزى (بىر چاستا) تاشقا: «مۇتىيەنزىنىڭ چۇڭشەن (پامىر) ئېگىزلىكىدە بەش كۈن تۇرۇپ ساياھەت قىلدى» دېگەن يادنامىنى ئويدۇرۇپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇلاكدى پادىشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا غەربنى ساياھەت قىلىپ، پامىرغا كەلگەندە، پامىرنىڭ شەرقىدىكى بوستانلىقنى بىر تەبىئىي باغچا ئىكەن دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا «سىرلىق باغچا» دەپ نام قويغانىكەن. مۇتىيەنزى ئۆزىنىڭ شۇ يادنامىسىنى مانا مۇشۇ باغچا ئىچىگە ئورنىتىپ قويغانىكەن. مۇتىيەنزى يەنە پامىردا ئۆسىدىغان زارا گۈزەل كۆكلەملەر، چىملىق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرگە ئالاھىدە قىزىققان! ئادەم تەشكىللەپ بۇ ئېسىل ئۆسۈملۈكلەر ئۇرۇقىنى يىغىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىپ تېرىپ ئومۇملاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان.

پامىر ئېگىزلىكى مۇتىيەنزىنىڭ دەۋرىدە «چۇڭشەن» ياكى «جۇڭشەن» دەپ ئاتالغاچقا، بەزى تارىخشۇناسلار «سۇڭلىڭ» (葱岭) بىلەن «چۇڭشەن» (春山) سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا «سۇڭلىڭ» (葱岭) سۆزى «چۇڭشەن» (春山) سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

جۇڭگونىڭ تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر بۇددا پىرى شۈەنزاڭ (مىلادىيە 600 — 664 - يىللىرى) بۇددىزم يۇرتى قەدىمكى ئەنەتكەك (ھىندى)كە بېرىش سەپىرىدە پامىرنىڭ تۆت ئەتراپىنى تولۇق ئايلىنىپ چىققان. قەدىمكى زاماندا شەرقتىن غەرب سەپىرىدە پامىرغا بېرىپ كەلگەنلەر ئىچىدە شۈەنزاڭ پامىر ھەققىدە ئەڭ كۆپ، ئەڭ تولۇق مەلۇمات قالدۇرغان شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» (大唐西域记) دە، پامىرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، دائىرىسى، كىلىماتى ۋە ئەتراپلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرگەن، ھەم يەرلىك خەلق تەلەپپۇزى ئاساسىدا تۇنجى قېتىم پامىرنى «پومىلو» (波迷罗) ئاھاڭى بىلەن تېپىپ يېزىققا ئالغان، يەنە «خەتنامە» دىكى پامىر نامىنى «سۇڭلىڭ» (葱岭) نامى ئىشلەتكەن. شۈەنزاڭنىڭ تەپەككۇرىدا، «سۇڭلىڭ» بىلەن «پامىر» مېغىزى پىلەن ھەججى ئانچە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، «سۇڭلىڭ» نىڭ دائىرىسى كەڭ، «پامىر» نىڭ دائىرىسى تار، يەنە كېلىپ «پامىر» نىڭ دائىرىسى «سۇڭلىڭ» نىڭ دائىرىسى ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مۇشۇ خىل چۈشەنچە ئەمدىيە سەۋەبلىك، شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «سۇڭلىڭ» بىلەن «پامىر» نى ئايرىم-ئايرىم سەھىپە بويىچە تونۇشتۇرۇپ بايان قىلغان:

«سۇڭلىڭ جامبۇ قىتئەسى (赡部洲، «ھىندى بۇددا نومىدا ئاسىيا قىتئەسى) نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. جەنۇب تەرىپى چوڭ قارلىق تاغ (大雪山، ھىندىقۇش تېغى) بىلەن، شىمال تەرىپى ئىسسىق كۆل (热海) ۋە مىڭ بۇلاق (千泉) بىلەن تۇتىشىدۇ. غەرب تەرىپى قوندۇر بەگلىكى (活国) بىلەن، شەرق تەرىپى ئۇچسىتار بەگلىكى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تۆت تەرىپىنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئايرىم-ئايرىم ھالدا نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن قاتمۇقات گىرەلىشىپ كەتكەن خەتەرلىك تاغ چوققىلار

ۋە تىنك قىيا ــ جىلغىلار بار. دائىم قار ــ مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، ھاۋا كىلىماتى ناھاـ يىتى سوغۇق. بۇ يەردىن ياۋا پىياز كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا، ‹سۇڭلىڭ› (葱岭، پىيازلىق تاغ) دەپ ئاتالغان. بۇ يەرنىڭ يەنە تاغلىرى باراقسان بولغاچقا، ‹سۇڭلىڭ› (葱岭، باراخسانلىق ئېگىزلىك) دېگەن نامىمۇ بار.» («بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› گە شەرھ»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1985 ــ يىلى نەشرى، 964 ــ بەت) «سايا ماكا بەگلىكىنىڭ چېگرىسىدىن شەرقىي شىمال يۆنىلىش بويىچە تاغ يولىنى بويلاپ بىرقانچە جىلغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر خەتەرلىك قىيالىق يولدىن ئۆتتۇق. ئۇ يەردىن 700 چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ پامىر تۈزلەڭلىكىگە كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئارىلىقى مىڭ چاقىرىمدىن، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئارىلىقى يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىكەن، ئەڭ تار جايلىرى ئون چاقىرىمدىن ئاشمايدىكەن. بۇ يەر قارلىق تاغ بىلەن ئورالغان بولغاچقا، ئىنتايىن سوغۇق ئىكەن، دائىم شامال چىقىپ تۇرىدىكەن. ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدىمۇ قار يېغىپ تۇرىدىكەن. تۇپرىقى شورلۇق، قۇم ــ شېغىللىق بولغاچقا، زىرائەت ئۈنمەيدىكەن، دەل ــ دەرەخ ۋە ئوت چۆپلەرمۇ ناھايىتى شالاڭ ئىكەن، ھەممە يەر قاقاسلىق بولغاچقا، بۇ يەردە ئىنسان ياشمايدىكەن.» «پامىر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئەجدىھار كۆل بار ئىكەن، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 300 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 50 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ كۆل دەل پامىر تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغاچقا، جامبۇ (ئاسىيا) قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ئىكەن. كۆلنىڭ سۈيى ئەينەك كەبى سۈزۈك ئىكەن، چوڭقۇرلۇقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىكەن. سۈيى كۆپكۆك، ناھايىتى تەملىك ئىكەن. كۆل ئىچىدە لەھەڭ، تىمساق، تاشپاقا بار ئىكەن. كۆل يۈزىدە ئۆردەك، ياۋا غاز، تۇرنا قاتارلىقلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدىكەن، قاقاسلىقتا، چاتقاللىقتا ياكى قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىقىدا چوڭ ــ چوڭ تۇخۇملارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىدە چوڭ بىر دەريا بار ئىكەن. ئۇ غەربكە قاراپ ئېقىپ دەرمەستى بەگلىكى (达摩悉铁帝国) نىڭ شەرقىي چېگرىسىغا بارغاندا، ئوكسۇس دەرياسى (奥瑟斯河) بىلەن قوشۇلۇپ يەنە داۋاملىق غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن. شۇڭا كۆلنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىكى بارلىق ئېقىنلار غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن. كۆلنىڭ شەرقىدە بىر چوڭ دەريا بار ئىكەن. ئۇ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، قاسى (依沙国، قەدىمكى قەشقەر) ئېلىنىڭ غەربىگە بارغاندا، شىتۇ دەرياسى (徙多河، تاشقورغان دەرياسى) بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇ يەردىن يەنە داۋاملىق شەرققە قاراپ ئاقىدىكەن. شۇڭا كۆلنىڭ شەرقىدىكى بارلىق سۇلار شەرققە قاراپ ئاقىدىكەن.» «پامىر جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي چوققىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىز بولۇر بەگلىكى (钵露罗国) گە كەلدۇق. بۇ يەردىن ئالتۇن كۆپ چىقىدىكەن، ئالتۇنى چوغ كەبى قىزىل ئىكەن.» «بۇ جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، يا بىرەر ئادەمنى، يا بىرەر كەنت ــ مەھەللىنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. جىمى يەر كوھىستان ئىكەن. تاغ باغرىدىكى نۇرغۇن قىيالىق يوللاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، قار، مۇز دۇنياسىغا كەلدۇق. ئۇ يەردىن 500 چاقىرىم يولنى باسقاندىن كېيىن، قىرپانە بەگلىكى (تاشقورغان بەگلىكى) گە كەلدۇق.» («بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› گە

شەرھ»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرى، 981 -، 982 -، 983 - بەتلەر).

«سۇڭلىڭ» ۋە «پامىر» ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئايانكى، شۇئەنزاڭنىڭ نەزەرىدە، «پامىر» ھازىرقى پامىر ئېگىزلىكىنى كۆرسەتسە، «سۇڭلىڭ» پامىر ئېگىزلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پامىر رايونى ئېلىمىزنىڭ تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىمۇ ئومۇمەن «سۇڭلىڭ» نامى بىلەن ئاتالغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 960—1127 - يىللىرى) دە ئۆتكەن ئەدىب ۋە تارىخشۇناس ئۇياڭ شيۇ (欧阳修، مىلادى 1007—1072 - يىللىرى) بىلەن سۇڭ چى (宋祁، مىلادى 998—1061 - يىللىرى) قاتارلىقلار بىرلىشىپ يازغان «يېڭى تاڭنامە» دە، مىلادىنىڭ باشلىرىدا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان قەدىمكى تاشقورغان «قىرپانە بەگلىكى» مۇنداق تونۇشتۇرۇلغان: «قىرپانە بەگلىكى سۇڭلىڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى باشقۇرىدۇ، ئوردا شەھىرى (قەدىمكى تاش شەھەر) نىڭ كەينى تەرىپى شىتۇ دەرياسى (تاشقورغان دەرياسى) غا قاراپ تورىدۇ، مىڭدەك ئەسكىرى بار، پادىشاھسى ئەسلىدە سۇلې (قەشقەر) لىق بولۇپ، تەخت - تاجىغا نەسەب بويىچە ۋارىسلىق قىلىنىدۇ. سۇڭلىڭ تاغلىرى پۈتكۈل بەگلىكنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ. ئادەملىرى قاۋۇل، بەستلىك، چەبدەس بولۇپ، تەقى - تۇرقى ۋە تىل - يېزىقى ئۇدۇن (خوتەن) لىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ... پادىشاھنىڭ تەختى ئالتۇندىن ياسالغان. ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە، ۋېي خاندانلىقىنىڭ پايتەختىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. جېن گۇەننىڭ 9 - يىلى (مىلادى 635 - يىلى) چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى كەيىۋەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قىرپانە بەگلىكى ئاجىزلىشىپ ھالاك بولغان. شۇنىڭ بىلەن تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى بۇ يەردە ‹سۇڭلىڭ (پامىر) ھەربىي كەنتى› (葱岭守捉، پامىر بوقالى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى تەسىس قىلىپ، ئۇنى غەربىي تىنچلاندۇرۇش باش قورۇق - چىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق مۇھىم چېگرا قاراۋۇلى قىلغان.» («يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1975 - يىل نەشرى، 6234 - بەت).

شاڭخەي لۇغەتچىلىك نەشرىياتى 1979 - يىل نەشر قىلغان «سىخەي» (辞海) دە، «سۇڭلىڭ» (葱岭) ئاتالغۇسى توۋەندىكىدەك شەرھلەنگەن: «سۇڭلىڭ — قەدىمكى دەۋرلەردە پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن، قارا قورۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ غەربىدىكى بارلىق تاغلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. قەدىمكى دەۋرلەردە، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى دائىم سۇڭلىڭ تاغ يوللىرىدىن ئۆتەتتى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇڭلىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە قارام ئىدى. تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى غەربىي تىنچلاندۇرۇش باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بۇ يەردە ‹سۇڭلىڭ ھەربىي كەنتى› نى تەسىس قىلغانىدى. ئېيتىشلارچە، ‹سۇڭلىڭ› (葱岭) دېگەن نام مەزكۇر تاغدا ياۋا پىياز كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ياكى تاغلىرى ئېگىز ۋە باراخسانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن. يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈشتە ئېيتىلىشىچە، ‹مۇتيەنزى تەزكىرىسى› دىكى ‹چۇنشەن› (春山) سۆزىدىكى ‹春› سۆزى بىلەن ‹سۇڭلىڭ› (葱岭) سۆزىدىكى ‹葱› سۆزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئالماشقان تاۋۇشلاردۇر.» («سىخەي»، 1 - قىسىم، شاڭخەي لۇغەتچىلىك

نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىل نەشرى، 1347 - بەت).

يۇقىرىدىكى خىلمۇخىل بايانلاردىن تۆۋەندىكىدەك ئورتاق يەكۈننى چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، «سۇڭلىڭ» (葱岭) — پامىرنىڭ «خەننامە»دە قوللىنىلغان خەنزۇچە نامى، جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم. قەدىمكى زاماندا، «سۇڭلىڭ» كەڭ مەنىدە پامىر ئېگىزلىكى، كۇئېنلۇن ۋە قارا قورۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ غەربىدىكى بارلىق كوھىستاننىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى؛ تار مەنىدە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزىنىلا كۆرسىتەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، «سۇڭلىڭ» تىلغا ئېلىنسا، ئادەتتە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزىنىلا كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «سۇڭلىڭ» (葱岭) سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل شەرھ بار: بىرى، پامىر تاغلىرىدا ياۋا پىياز كۆپ ئۆسىدۇ. شۇڭا پامىر مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «سۇڭلىڭ» (پىيازلىق تاغ) دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىرى، پامىرنىڭ تاغلىرى ئېگىز ۋە باراقسانلىق، شۇڭا پامىر بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن «سۇڭلىڭ» (باراقسانلىق ئېگىزلىك) دەپ ئاتالغان.

ئۈچىنچىدىن، «سۇڭلىڭ» (پامىر) قەدىمكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ دېڭىز قاتنىشى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر ئۆتۈشمىسى ئىدى. قەدىمكى يىپەك يولى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن قاشقۇۋۇق ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقىغا كەلگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككى تارماق يولغا بۆلۈنۈپ، ئوخشىمىغان مەنزىللەر بويىچە سوزۇلۇپ، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» — سۇڭلىڭ (پامىر)غا بارغاندا، ئۆزئارا قوشۇلۇپ، تارىختىكى مەشھۇر تاشقورغان تاش شەھىرى (石头城) گە باراتتى. ئۇ يەردىن يەنە جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول يۆنىلىشى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ۋە ئۇ يەرلەردىن تېخىمۇ يىراقلاپ غەربكە باراتتى. شۇ سەۋەبلىك، قەدىمكى تاشقورغان تاش شەھىرى، ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن، مەشھۇر كارۋان يولىنىڭ تارىختا شەرقىي يوللارنىڭ توختاش بېكىتى، غەربىي يوللارنىڭ باش بېكىتى بولۇپ قالغان. «سۇڭلىڭ» (پامىر) نىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخنامىلىرى سەھىپىسىدىن كەڭ ئورۇن ئېلىشىمۇ ئۇنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىدە ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ پەۋقۇلئاددىلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ھالبۇكى، پامىر (يەنى قەدىمكى سۇڭلىڭ) بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇ خاراكتېرگە ئىگە.

## 2. «خەننامە»دە تىلغا ئېلىنغان خەن دەۋرىدىكى پامىر بەگلىكلىرى توغرىسىدا

بەن گۇنىڭ «خەننامە»سىدە، غەربىي يۇرتتا ئەسلىدە 36 بەگلىك بار ئىدى، كېيىن 50 نەچچىگە كۆپەيگەن دەپ كۆرسىتىلگەن.

«خەننامە»دە تىلغا ئېلىنغان 36 بەگلىك بولسۇن ياكى كېيىنكى 50 نەچچە بەگلىك بولسۇن، بۇلاردىن بىر قانچىسى پامىر ئېگىزلىكىدە بولۇپ، ئۇلار تارىختا ئادەتتە «پامىر

بەگلىكلىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ بەگلىكلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بەن گۇ «خەننامە» سىدە تۇرغۇن مەلۇماتلار بار بولۇپلا قالماستىن، يەنە كېيىنكى دەۋرلەردىكى «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «شىمالىي سۇلالە تارىخى»، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» قاتارلىق تارىخنامىلاردىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەلۇمات ـ ئۇچۇرلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، «خەننامە» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى دەلىللىگۈچىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىمۇ پامىر بەگلىكلىرى توغرىلىق خاتىرىلەر بار.

بىز ئەسلى ئەسەرلەر بىلەن بۇ ئەسەرلەرنى دەلىللىگۈچىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارام 36 بەگلىك (ياكى 50 نەچچە بەگلىك) ئىچىدىكى پامىر بەگلىكلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### (1) ساكا بەگلىكى (西夜国)

«ساكا بەگلىكى، شاھى چىخاپلىق، ئاستانىسى خوجەند غولدا. چاڭئەندىن 10 مىڭ 250 چاقىرىم، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 5 مىڭ 46 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئائىلىسى 350، نوپۇسى 4 مىڭ، جەڭگە ماھىر ئەسكىرى بىر مىڭ. شەرقتە گوما بىلەن، غەربىي جەنۇبتا ئودىيانا بىلەن، شىمالدا يەكەن بىلەن، غەربتە پۇلى (تاشقورغان) بىلەن تۇتىشىدۇ. مىللەت تەۋەلىكى چاڭ ـ دىيلاردىن. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چىخاپ دېگەن يېرىدىن قاشتېشى چىقىدۇ.» («25 تارىخ. ئالدىنقى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شائخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، شائخەي كىتاپخانىسىنىڭ 1986 ـ يىل نەشرى، 724 ـ بەت)

«كېيىنكى خەننامە» دىمۇ ساكا بەگلىكى ھەققىدە خاتىرە بار. ئەمما «ئالدىنقى خەننامە» دە «چىخاپ» ساكا بەگلىكىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بايان قىلىنىپ، «شاھى چىخاپلىق»، «ساكا بەگلىكىنىڭ چىخاپ دېگەن يېرىدىن قاشتېشى چىقىدۇ» دېيىلگەن بولسا، «كېيىنكى خەننامە» دە «چىخاپ» «چىخاپ بەگلىكى» نامى بىلەن بايان قىلىنىپ، پامىردىكى بەگلىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. «ساكا بەگلىكى» بولسا «كېيىنكى خەننامە» دە «شىجۈيبەن بەگلىكى» (悉居半国) دەپ ئاتالغان. «ساكا بەگلىكى» نىڭ ئورنى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ.

### (2) ئودىيانا بەگلىكى (乌秅国)

«ئودىيانا بەگلىكى، ئاستانىسى ئودىيانادا، چاڭئەندىن 9 مىڭ 950 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئائىلىسى 490، نوپۇسى 2 مىڭ 733، ئەسكىرى 740، شەرقىي شىمال قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 4 مىڭ 892 چاقىرىم يىراقلىقتا. شىمالى چىخاپ ۋە پۇلى (تاشقورغان) بىلەن، غەربى داردۇس بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاھالىلىرى تاشتىن ئۆي ياساپ ئولتۇرىدۇ. يۇرغا ئات، ئېشەك چىقىدۇ. غەربىدە پامىر تېغى بولۇپ، يوللىرى بەك خەتەرلىك. بەزى تاغ يوللىرىدا ئارغامچە تۇتۇپ ئۆتمىسە ئۆتكىلى بولمايدۇ» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 724 ـ بەت)

«كېيىنكى خەننامە» دە: «گۇمىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئودىياناغا بېرىشتا، ناھايىتى خەتەرلىك تاغ يولىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن جىبىن (كەشمىر) دائىرىسىدە تەخمىنەن 60 كۈنلۈك مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن، ئالېكساندرىيە (ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمى) گە يېتىپ بارغىلى

بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىدىكى بايانلار بويىچە قارىغاندا، ئۇدىيانا بەگلىكى كانجۇت رايونىغا توغرا كېلىدۇ.

(3) پۇلى بەگلىكى (تاشقورغان بەگلىكى) (蒲犁国)

«پۇلى بەگلىكى، ئاستانىسى پۇلى ئىغولدا، چاڭئەندىن 9 مىڭ 396 چاقىرىم، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 5 مىڭ 396 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئائىلىسى 650، نوپۇسى 5 مىڭ، ئەسكىرى 2 مىڭ. شەرقتە يەكەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 540 چاقىرىم، شىمالدا سۇلې (قەشقەر) بىلەن بولغان ئارىلىقى 550 چاقىرىم، غەربتە، مالائۇر بەگلىكى بىلەن بولغان ئارىلىقى 540 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبتا ساكا بەگلىكى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. سۈيى يەكەنگە قاراپ ئاقىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دانلىق زىرائەت ۋە چارۋا-مال چىقىپىدۇ. تېرىقچىلىقىنى ساكارا (يەكەن) دە قىلىدۇ.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 724-بەت)

تارىخ ئەھلى «پۇلى بەگلىكى»نىڭ ئورنىنى بىردەك ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى دائىرىسىدە دەپ قارايدۇ، بەزىلەر ھەتتا تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەرنى «پۇلى بەگلىكى»نىڭ ئاستانىسى ئىدى دەپ قارىماقتا. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاشقورغاندا شۆبە ۋازارەت تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا «پۇلى شۆبە ۋازارىتى» دەپ نام قويغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، «پۇلى ناھىيىسى» تەسىس قىلىنغانىدى. تاشقورغان يېقىنقى زامان تارىخىدىكى «تاشقورغان ئىنقىلابى»مۇ خەنزۇ تىلىدا «پۇلى ئىنقىلابى» (蒲犁革命) دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، تاشقورغاننىڭ تارىختىكى نامى خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا ئومۇمەن «پۇلى» (蒲犁) نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

(4) داردۇس بەگلىكى (难兜国)

«داردۇس بەگلىكى، چاڭئەندىن 10 مىڭ 150 چاقىرىم، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 2 مىڭ 850 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئائىلىسى 5 مىڭ، نوپۇسى 31 مىڭ، ئەسكىرى 8 مىڭ. غەرب تەرىپى مالائۇر بەگلىكى بىلەن 340 چاقىرىم، غەربىي جەنۇب تەرىپى جىبىن (كەشمىر) بىلەن 330 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبىدا چاڭلار بار. شىمالى ھۇنزا بىلەن، غەربىي ئۇلۇغ ياۋچىلار (توخرىلار) بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بەش خىل دانلىق زىرائەت، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە-چېۋىلەر، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈر قاتارلىق مەدەنلەر چىقىدۇ.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 724-بەت)

يۇقىرىدىكى بايان بويىچە، بەزى دەلىللىگۈچىلەر داردۇس بەگلىكى پامىر بەدەخشان رايونى بىلەن ۋاخان دەرياسى ساھىلىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ دېسە، بەزىلەر ئېلىمىزنىڭ تاغدۇمباش يايلىقى بىلەن ئۇنىڭغا تۇتاش شىمالىي پاكىستاننىڭ ھۇنزا ۋە گىلگىت دەرياسى ئەتراپىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارىماقتا. «ئالدىنقى خەننامە»دىكى باياندىن قارىغاندا، داردۇس بەگلىكى پامىر رايونىدىكى چوڭ بەگلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، «كېيىنكى خەننامە» ۋە كېيىنكى تارىخنامىلاردا مەزكۇر بەگلىكنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمايدۇ. قارىغاندا، ئۇ باشقا بەگلىكلەرگە يەم بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

(5) ساكىناھ بەگلىكى (依耐国)

«ساكىناھ بەگلىكى، چاڭئەندىن 16 مىڭ 150 چاقىرىم، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 2 مىڭ 730 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئائىلىسى 125، نوپۇسى 670، ئەسكىرى 350. يەكەن

بىلەن بولغان ئارىلىقى 540 چاقىرىم، مالائۇر بىلەن بولغان ئارىلىقى 540 چاقىرىم، شىمالىدىكى قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 650 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبىي چىخاپ بەگلىكى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تېرىم يەرلىرى ئاز، ئېرىقچىلىقى سۇلې (قەشقەر) ۋە يەكەندە قىلىدۇ.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 724 ـ بەت) يۇقىرىدىكى بايان بويىچە، تەتقىقاتچىلار ساكىناھ بەگلىكىنى سارەز پامىرى بىلەن رەڭكۆل پامىرى ئەتراپىدا دەپ قارىماقتا. بەزى تەتقىقاتچىلار تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ، بۇ بەگلىكنى ئۆزبېل تاغ ئېغىزىدىكى بۇلۇڭكۆل ئەتراپىدا دەپ كۆرسەتمەكتە. ساكىناھ بەگلىكى سۇلې (قەشقەر) بىلەن پۇلى (تاشقورغان) ئارىلىقىدىكى جايلار بولۇپ، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئالاھىدە مۇھىم. يىپەك يولىنىڭ ئىككى تارماق يولى مۇشۇ بەگلىكتىن ئۆتۈپ، ئوخشىمىغان مەنزىللەر بويىچە يىراق ئەللەرگە سوزۇلىدۇ.

(6) مالائۇر بەگلىكى (无雷国)

«مالائۇر بەگلىكى، ئاستانىسى لۇر قەلئەسىدە، چاڭئەندىن 9 مىڭ 954 چاقىرىم، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 2 مىڭ 465 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئائىلىسى 1 مىڭ، نوپۇسى 7 مىڭ، ئەسكىرى 3 مىڭ. جەنۇب تەرىپى پۇلى بەگلىكى (تاشقورغان) گە 540 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبىي يەنە ئودىيانا بىلەن، شىمالى ھىندۇ بەگلىكى (捐毒国) بىلەن، غەربىي توخرىلار ئېلى بىلەن تۇتىشىدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇيسۇنلارغا، ئۆرپ ـ ئادىتى چىڭخاپلىقلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 724 ـ بەت)

دەلىللىگۈچىلەر مالائۇر بەگلىكىنىڭ ئورنىنى كەلانى پامىر (چوڭ پامىر) ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتمەكتە.

(7) ھىندۇ بەگلىكى (捐毒国)

«ھىندۇ بەگلىكى، ئاستانىسى ھىندۇ قەلئەسىدە، چاڭئەندىن 9 مىڭ 860 چاقىرىم، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 2 مىڭ 861 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئائىلىسى 380، نوپۇسى 1 مىڭ 100، ئەسكىرى 500. شەرقىي سۇلې (قەشقەر) بىلەن، جەنۇب تەرىپى پامىر بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇ يەردە ئادەم ياشىمايدۇ. غەرب تەرىپى پامىرغا تۇتىشىپ ھۇنزا بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، سۈكلىك (پامىر) غا ئېقىنىدۇ. ئۇلار ئەسلى ساكلاردۇر.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 725 ـ بەت) بۇ بايانىدىن ھىندۇ بەگلىكىنىڭ ئورنىنىڭ ھازىرقى ئۇلۇغچات دائىرىسىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

(8) ھۇنزا بەگلىكى (休循国)

«ھۇنزا بەگلىكى، ئاستانىسى قۇش جەۋلان قەلئەسىدە، سۈكلىك (پامىر) نىڭ غەربىدە، چاڭئەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 مىڭ 210 چاقىرىم كېلىدۇ، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 3 مىڭ 121 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئائىلىسى 350، نوپۇسى 1 مىڭ 30، ئەسكىرى 480. ھىندۇ بىلەن بولغان ئارىلىقى 260 چاقىرىم، غەربىي شىمالىي تەرىپىنىڭ پەرغانە بىلەن بولغان ئارىلىقى 920 چاقىرىم، غەرب تەرىپىنىڭ توخرىلار بىلەن بولغان ئارىلىقى 1 مىڭ 610 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇيسۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يايلاق كۆچۈپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئەسلى ساكلاردۇر.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 725 ـ بەت)

ھۇنزا بەگلىكى ھازىرقى سەككىز پامىرنىڭ بىرى بولغان خەرگۇش پامىرى (قوش كۆچۈك پامىرى) ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى سەككىز بەگلىك «پامىردىكى سەككىز بەگلىك» (八帕) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن، «كېيىنكى خەننامە» دە يەنە ئىككى بەگلىك تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار «چىخاپ بەگلىكى» بىلەن «دارا بەگلىكى» دۇر.

(9) «چىخاپ بەگلىكى» (子合国)

«چىخاپ بەگلىكى، ئاستانىسى خۇجەند قەلئەسىدە، سۈلې (قەشقەر) بىلەن ئارىلىقى مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ئائىلىسى 350، نوپۇسى 4 مىڭ، ئەسكىرى 1 مىڭ.» («25 تارىخ. كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، شاڭخەي كىتابخانىسىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 1057 - بەت).

«ئالدىنقى خەننامە» دە، «چىخاپ» بەگلىك سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى «ساكا بەگلىكى» نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددا راھىبى فاشيەن ئۆزىنىڭ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە: «يۇيتيەن (قەدىمكى خوتەن) دىن يولغا چىقىپ 25 كۈن ماڭغاندا، چىخاپ بەگلىكىگە بارغىلى، چىخاپتىن جەنۇبقا 4 كۈن ماڭغاندا، سۇڭلىڭ (پامىر) غا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دېگەن. «يېڭى تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «چىخاپ بەگلىكى سۇڭلىڭ (پامىر) نىڭ شىمالىغا 300 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە» دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، چىخاپ بەگلىكىنىڭ ئورنى كىچىك پامىرنىڭ شەرقىغە، تاغدۇمباش پامىرنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ راسكام تاغلىرىغا قەدەر سوزۇلىدۇ.

(10) دارا بەگلىكى (德若国)

دارا بەگلىكى «ئالدىنقى خەننامە» دە ئۇچرىمايدۇ. «كېيىنكى خەننامە» دە دارا بەگلىكى قىسقىچىلا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئائىلىسى 100، نوپۇسى 670، ئەسكىرى 350، لوياڭدىن 12 مىڭ 150 چاقىرىم يىراقلىقتا. چىخاپ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۆرپ - ئادىتىمۇ چىخاپ بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 1057 - بەت) دارا بەگلىكىنىڭ ئورنى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، كىچىك پامىردا. يەنە بىرى، ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسى دائىرىسىدە.

قىزىقارلىقى شۇكى، «ئالدىنقى خەننامە» دە، «پۇلى بەگلىكى»، «ئودىيانا بەگلىكى» كەڭ تىلغا ئېلىنغان بولسا، «كېيىنكى خەننامە» دە بۇلار تىلغا ئېلىنماي، ئەكسىچە، 100 ئائىلىلىك كىچىك «دارا بەگلىكى» تىلغا ئېلىنغان. بۇمۇ پامىر تارىخىدىكى ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ بىرى.

«خەننامە» دىكى يۇقىرىدىكى ماتېرىياللار چەكلىك ۋە بەزىلىرى ئۆزئارا زىت بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى پامىر رايونىنىڭ جۇغراپىيىسى، تارىخى، سىياسىي - ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئىرق - قەبىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق ۋە ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە.

# VIII ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك بىلىم ئىگىسى يوللۇغ تېگىن

تۇرسۇن ھوشۇر

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يازما ئۆرنەكلىرى بولغان «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا تىلغا ئېلىنغان شەخس يوللۇغ تېگىننىڭ ئۆزى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا يېتىشكەن تىلچى، ئەدىب، تارىخچى، خەتتات ۋە نەققاش ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

كۆكتۈركلەر دەۋرىدىن قالغان، تارىخىي قىممىتى بىلەن بىرگە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى يازما ئۆرنەكلىرى ھېسابلانغان تاش پۈتۈكلەر، ئورخۇن ۋە يېنسەي ۋادىلىرىدىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان قىسمى، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ، گەنسۇ رايونلىرى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوندىنمۇ كۆپلەپ تېپىلدى. بۇلارنى «تارىخىي تەزكىرە خاراكتېردىكىلىرى، قەۋرە تەزكىرىسى، تاش ۋە تاملارغا ئويۇلغان خاتىرىلەر، دىنىي خاراكتېردىكىلىرى، ھۆكۈمەت خاتىرىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئويۇلغان ئويمىلار»① دەپ ئالتە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇلار مۇقەددەم 1300 يىللار بۇرۇنقى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يېزىق خاتىرىسى بويىچە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن بىرىنچى قول تارىخىي ھۆججەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھۆججەتلەر ئىچىدىكى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق مەڭگۈ تاشلاردا كۆكتۈرك، ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ھەربىي يۈرۈشلىرى، دىنى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، قانۇن - تۈزۈمى، ئەسكەرلىك سەنئىتى، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شۇ دەۋر مىللەتلىرى ھەتتا كىشى ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار يۇقىرىقى تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشتىلا مۇھىم بولۇپ قالماي، بەلكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تىلى، يېزىقى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ تاش پۈتۈكلەر ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ساھەلەر بويىچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلدى.

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، 33 - بەت.

تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ۋە «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» تېكىستلىرى باشقا يادىكارلىقلارغا نىسبەتەن مەزمۇن جەھەتتىن بىر قەدەر مۇكەممەل يادىكارلىقلار دەپ قارىلىدۇ. «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»غا «بۇ مەڭگۈ تاشقا خەت يازغۇچى جىيەن ئوغلى يوللۇغ تېگىن»①، «بۇ خەتلەرنى كۆل تېگىننىڭ جىيەن ئوغلى، مەنكى يوللۇغ تېگىن يېگىرمە كۈن ئولتۇرۇپ بۇ مەڭگۈ تاش ۋە تامدىكى (خەتلەرنىڭ) ھەممىسىنى يېزىپ چىقتىم...»②، «كۆل تېگىننىڭ ئالتۇن، كۆمۈش، گۆھەر، مال - مۈلكى ۋە تۆت مىڭ يىلقىسىغا قارىغۇچى تۇيغۇت بۇ... بېگىم تېگىن يۇقىرى تەڭرى... (مەڭگۈ) تاشقا خەت پۈتتۈم. يوللۇغ تېگىن...»③ دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. بۇنىڭدىن «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ تېكىستىنى تاشقا ئويغۇچىنىڭ يوللۇغ تېگىن ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» تېكىستىدىكى مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، يوللۇغ تېگىننىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ تىلچىسى، ئەدىبى ۋە تارىخچىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «بىلگە خاقان (مەڭگۈ تاش) تېكىستىنى مەنكى يوللۇغ تېگىن يازدىم، بۇنچە كۆپ قۇرۇلۇش، نەقىش، ئىسىل (؟)... بىلگە قاغاننىڭ جىيەن ئوغلى مەنكى يوللۇغ تېگىن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم، زىننەتلىدىم...»④ دېگەن مەزمۇنلاردىن ئۇنىڭ يەنە ئۆز زامانىسىنىڭ يېتىشكەن رەسسامى ۋە نەققاشى ئىكەنلىكىمۇ مەلۇم بولىدۇ. يوللۇغ تېگىننىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» تېكىستلىرىدىن باشقا، كۆل تېگىنگە ئاتاپ ياسالغان خاس خاتىرە سارايىنىڭ تاملىرىغىمۇ خەت يازغانلىقى مەلۇم. ئارخېئولوگلار «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» تىكلەنگەن جايدىن بىر تاش سۇپىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. بۇ تاش سۇپا كۆل تېگىنگە ئاتاپ ياسالغان خاتىرە سارايىنىڭ ئۆلى ياكى بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. ئەپسۇس، بۇ خاتىرە سارايلار دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن ئويۇلغان (يېزىلغان) خەتلەرنىڭ مەزمۇنى بىزگە نىسبەتەن سىر بولۇپ قالدى. ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملار «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» تېكىستىنىڭ «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» تېكىستلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان ھەمدە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» تېكىستىنىمۇ يوللۇغ تېگىن ئويغان دېگەن قاراشقا كەلگەن. بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرچە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» تېكىستىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپمۇ، يوللۇغ تېگىننىڭ «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» تېكىستلىرىدە ئۆزى توغرىلىق بەرگەن مەلۇماتىدىنلا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ تىلچىسى، يازغۇچىسى، تارىخچىسى، رەسسامى ۋە نەققاشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يوللۇغ تېگىن ھەققىدە يەنىمۇ ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئۇنىڭغا مەشھۇر ئادەملىرىمىز قاتارىدىن ئورۇن بېرىشكە تېگىشلىك.

---

①②③ «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 80 - ، 91 - بەتلەر.

④ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 107 - بەت.

# XIX ئەسىردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە يەر ئىگىدارچىلىقى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا

ئەنۋەر ئابلىمىت

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە يەرنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇلۇشى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى قىسقىچە بايان قىلىندۇ.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى XVI ئەسىردىلا باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ چاغدا ئىمپېرىيىنىڭ ئىگىلىكى يېپىق ھالەتتە بولغاچقا، ئىمپېرىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن پايتەخت ئىستانبۇل ۋە باشقا شەھەرلەرنىلا تەمىنلەيتتى. شۇڭلاشقا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى چەكلىك ئىدى. XIX ئەسىرگە كەلگەندە، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ يېپىق ئىگىلىك سىستېمىسى پارچىلىنىشقا باشلىدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي سىستېمىغا ماسلىشىشى ئىمپېرىيە ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان يېزا ئىگىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سودىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

يېزا ئىگىلىكىنى سودىلاشتۇرۇش دېگىنىمىز بازار ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش بولغاچقا، بازارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەلۋەتتە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشىدا ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن بازارنىڭ ئېھتىياجى ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ياكى قاندۇرالماسلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە بولغان يەر ئىگىدارچىلىقى مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا كېلىشتىن ئاۋۋال، بىز ئالدى بىلەن XIX ئەسىردىكى خەلقئارا بازارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن خۇسۇسىي يەر ئىگىلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مەقسەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تەرەققىي تاپقان ياۋروپا ئەللىرى ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن بازار ئىزدەش، شۇنداقلا ئەرزان ۋە كۆپ مىقداردىكى ئاشلىق ۋە خام ئەشيالارغا

ئېرىشىش كويىدا بولۇۋاتاتتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاشلىق بىلەن خام ئەشيالارنى ئېكسپورت قىلىش جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش سىياسىتىگە تەھدىت بولاتتى ۋە ئىمپېرىيەنىڭ سانائىتىنى ئاجىزلاشتۇراتتى. شۇڭلاشقا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمەلىيەتتە خەلقئارا بازارلارنى ئاشلىق ۋە خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشنى خالىمايتتى. ئەكسىچە، خەلقئارا بازارنىڭ ئېھتىياجىغا تېزدىن ماسلىشىشقا قىزىقىدىغان خۇسۇسىي يەر ئىگىلىرى بولسا خەلقئارا بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى خالايتتى، چۈنكى ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق كۆپرەك پايدىغا ئېرىشەتتى. روشەنكى، خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولاتتى. خۇددى ئامېرىكىلىق مەشھۇر تارىخشۇناس كامال كارپات كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى قانچە كۈچەيسە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى شۇنچە تېز راۋاجلىناتتى. XIX ئەسىرنىڭ تارىخى شۇنى كۆرسەتتىكى، خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن، ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى مىسلىسىز راۋاجلانغانىدى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى جەمئىيىتىدە يېزا ئىگىلىكىنى سودىلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى خەلقئارا بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان كۈچلۈك بىر خۇسۇسىي يەر ئىگىلىرى قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئىبارەت ئىدى. XIX ئەسىردە بۇ قوشۇن بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇرۇش چىقىمىنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن، ھۆكۈمەت پۇلغا مۇھتاج بولۇپ، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى شەخسلەرگە ئىجارىگە بەردى (ئەمەلىيەتتە سېتىپ بەرگەنگە ئوخشاش). ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن، تىمار① دىكى نۇرغۇنلىغان دېھقانلار تىماردىن ئايرىلدى. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ كونا ئىجتىمائىي سىستېمىسىنىڭ ئارقا تۈۋرۈكى بولۇپ كېلىۋاتقان تىمار تۈزۈمى پارچىلىنىشقا باشلىدى.

تىمار تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن تەڭ، يەرلىك فېئودال كۈچلەر كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇلار يەرلىك ئەمەلدارلار، باجگىرلار، سودىگەرلەر ۋە ھەقىقىي يەر ئىگىلىرى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىمىنى ئوتتۇۋېلىش ۋە بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتەك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئىگە بولۇش نىسبىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. بالقان ۋە ئاناتولىيە ئۆلكىلىرىدىكى خۇسۇسىي يەر ئىگىلىرى خەلقئارا بازارغا ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشتى.

ۋەھالەنكى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقانلىقىغا تەن بەرمەي، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كۈچەيتمەكچى بولدى. سۇلتان مەھمۇد II (1808 — 1839) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بولۇپمۇ 1831 – يىلى بىلەن 1837 –

① تىمار — ئوسمان ئىمپېرىيەسى تارىخىدىكى ھەربىي بەخشەندە يەر.

يىلى ئارىلىقىدا، مەركىزىي ھۆكۈمەت يەرلىك فېئوداللار ۋە باشقا قارشى كۈچلەردىن كەلگەن تەھدىتنى يوقىتىش ئۈچۈن تېز ھەرىكەت قىلىپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بالقان ۋە ئاناتولىيەدىكى چوڭ يەر ئىگىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1831 - يىلى، مەھمۇد II قېپقالغان بارلىق تىمارلارنى بىكار قىلدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت باج يىغىش مەقسىتى بىلەن ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان يەرلەرنى مۇلتىزىملار (باج تۆلەيدىغان دېھقانلار)غا ئىجارىگە بەردى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەخپە يەرلەرنىمۇ بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئۇرۇندى. ھەتتا شەرقىي ئاناتولىيە ۋە شىمالىي سۈرىيەدە كورد قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ يەرلىرىنىمۇ مۇسادىرە قىلىپ، دېھقانلارغا ئىجارىگە بەردى. چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك خۇسۇسىي يەر ئىگىلىرى قوشۇنىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تەدبىرى بولغاچقا، مۇسادىرە قىلىنغان بىر قىسىم يەرلەر سۇلتاننىڭ يېقىنلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بۇ ھال، ئەمەلىيەتتە، يېڭى چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا شارائىت ھازىرلايتتى. يەر تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت يەرنىڭ قانۇنلۇق ئىگىلىرىنى تىزىملاش ئارقىلىق ھەربىر پارچە يەردىن باج ئېلىشنى بەلگىلىدى. ھۆكۈمەت 1858 - يىلى يەر قانۇنىنى جاكارلاپ، باج كىرىمىگە كېپىللىك قىلىش شەرتى بىلەن، خۇسۇسىي يەر تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلدى. ھەتتا چەت ئەللىكلەرگىمۇ يەرگە ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى بەردى.

تىمار تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى، يەر قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە چەت ئەللىكلەرگە يەرگە ئىگە بولۇش ھوقۇقىنىڭ بېرىلىشى نەتىجىسىدە، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يەرلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇنى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسىيادىكى ئۆلكىلىرىدە 1869 - يىلى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى ئىسپاتلايدۇ. 1869 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئۆلكىلەردە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يەرلەر پۈتۈن تېرىلغۇ يەرنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

بىز ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىن خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىغا ئۆزگىرىش مەزگىلىدىكى سودىلاشتۇرۇلۇشى جەريانىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا شۇ پاكىتنى كۆرۈۋالالايمىزكى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلاشتى، يەنى خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن چاغدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى تېز راۋاج تاپتى. مەسىلەن، ئوسمان ئىمپېرىيىسى بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى 1830 - يىلى ئۈچ مىليون 700 مىڭ فوند ستېرلىڭغا توغرا كەلگەن بولسا، 1872 - يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 20 مىليون 200 مىڭ فوند ستېرلىڭغا يەتتى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە ئېكسپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچىدىن كۆپرەكى كۆك تاماكا، بۇغداي، قۇرۇق ئۈزۈم، ئەنجۈر ۋە قوي يۇڭىغا ئوخشاش يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىدى. روشەنكى، تاشقى سودىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان.

گەرچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى خەلقئارا بازارنىڭ ئېھتىياجى، «ئەركىن سودا كېلىشىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى، يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۆمۈر يوللارنىڭ

قۇرۇلۇشىدەك ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئامىللار ئىچىدە يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى شەرھلەش ئۈچۈن، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر مۈلۈكچىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەزگىل بىلەن خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشىدىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش زۆرۈردۇر.

تىمار تۈزۈمى پارچىلىنىشتىن بۇرۇن، مەركىزىي ھۆكۈمەت سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە كۈچلۈك ئىدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى كونترول قىلالايتتى، بۇنداق بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش سىياسىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى، شۇنداقلا، ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى خام ئەشيالارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز سانائىتىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. خەلقئارا بازارنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش سىياسىتىگە تەھدىت بولغاندا، مەركىزىي ھۆكۈمەت تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈش، ھەتتا بۇغداي ئېكسپورت قىلىشنى مەنئىي قىلىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئېكسپورتنى كونترول قىلالايتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ چاغلاردا ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بەزى ئۆلكىلىرى بىلەن ياۋروپا بازارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم باغلىنىش ھالقىسى، ئاساسەن، ئاشلىق قاراڭغۇ بازىرى ئىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئاجىزلاشقان ئوسمان ئىمپېرىيىسى سىرتقا كۆپرەك يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىقنىڭ ئورنىغا كىرىمى كۆپرەك بولغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەر (مەسىلەن پاختا، كۆك تاماكا قاتارلىقلار) نى تېرىش ھەمدە قاراڭغۇ بازار ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىش ئەھۋاللىرى كۆپەيدى.

دۆلەتنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەركىزىي ھۆكۈمەت كۈچلۈك چاغلاردا يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى چەكلىك بولدى. ئەكسىچە، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشىدا راۋاجلىنىش خاھىشى بارلىققا كەلدى.

دېمەك، خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەزگىللەردە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى تېز راۋاجلاندى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىر تەرەپتىن، خۇسۇسىي يەر تۈزۈمى مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ئاجىزلاشتۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقئارا بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەرلىك فېئوداللارنىڭ كۈچىيىشى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاجىزلاشتى. شۇڭلاشقا، 1828 - يىلدىن 1829 - يىلغىچە روسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئوسمان ئىمپېرىيىسى مەغلۇب بولۇپ، روسىيىگە سودا جەھەتتىكى ئىمتىيازلارنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى مۇھەممەد ئەلى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەھدىت سالغاندا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، 1838 - يىلى ئەنگلىيە بىلەن «ئەركىن سودا كېلىشىمى» ئىمزالىدى. كېيىنرەك مەركىزىي ھۆكۈمەت ياۋروپادىكى باشقا ئەللەر بىلەنمۇ كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىملەر مەركىزىي ھۆكۈمەتنى

ئاجىزلاشتۇرۇپ، تاشقى سودا ئىشلىرىنى كونترول قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. شۇڭلاشقا، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئۆز بازارلىرىنى قويۇۋېتىپ، خام ئەشيالارنى ياۋروپاغا ئېكسپورت قىلدى. ئېكسپورت بېجى 1838 - يىلىدىكى 30 پىرسەنتتىن 1861 - يىلىدىكى بىر پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ چەت ئەللىك سودىگەرلەردىن ئالىدىغان ئىچكى تاموژنا بېجى 1838 - يىلىدىن كېيىن بىكار قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت تاموژنا بېجىدىن بولىدىغان كىرىمىدىن كۆپ دەرىجىدە مەھرۇم بولدى. شۇڭلاشقا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ياۋروپا پۇل مۇئامىلە بازىرىدىن قەرز ئېلىشقا باشلىدى. ئەكسىچە، خۇسۇسىي يەر ئىگىلىرى بازار ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشتا تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجى ۋە مال باھاسىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەڭشەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا يېزا ئىگىلىكىنى سودىلاشتۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغانىدى.

قىسقىسى، ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يەر مۈلۈكچىلىكى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. ئەگەر XIX ئەسىردە خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكى بارلىققا كەلمىگەن بولسا، ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سودىلاشتۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

# دۇنيادىكى مىللەتلەر

ئۆمەر موللا

| | | |
|---|---|---|
| sheng | | |
| 圣卢西亚人 | سېنت ـ لىيۇسىيەلىكلەر | غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى |
| 圣马力诺人 | سان مارىنولار | جەنۇبىي ياۋروپا |
| 圣文森特人 | سېنت ۋىنسېنتلىقلار | غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى |
| shi | | |
| 士瓦本人 | شۋابلار | گېرمانىيە |
| shu | | |
| 舒格兰人 | شۇغنانلار | ئافغانىستان |
| 斯巴达人 | سپارتانلار | جەنۇبىي ياۋروپا |
| 斯丁人 | ستېڭلار | ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى |
| 斯拉夫人 | سىلاۋيانلار | شەرقىي ياۋروپا |
| 斯里兰卡人 | سىرىلانكالىقلار | سىرىلانكا |
| 斯洛伐克人 | سلوۋاكلار | چېخوسلوۋاكىيە |
| 斯洛文人 | سلوۋىنتلار | پولشا |
| 斯洛文亚人 | سلوۋېنلار | جەنۇبىي ياۋروپا |
| 斯瓦希里人 | سۋاخىلىلار | تانزانىيە، كېنىيە |
| 斯威士人 | سۋازىلار | جەنۇبىي ئافرىقا |
| 斯维比人 | سۋابىلار | ياۋروپا |
| Song | | |
| 松巴人 | سومبالار | غەربىي ئافرىقا |
| 松巴娃人 | سومباۋالار | ھىندونېزىيە |

## Su

| | | |
|---|---|---|
| 苏人（西乌人） | سىئۇلار | ئا ق ش |
| 苏奥马莱塞特人 | سۇئوما لايستېلار | فىنلاندىيە |
| 苏奥米人 | سۇئومىلار | فىنلاندىيە |
| 苏巴农人 | سۇبانونلار | فىلىپپىن |
| 苏丹人 | سودانلىقلار | سودان |
| 苏格兰人 | شوتلاندلار | بۈيۈك بىرىتانىيە |
| 苏克人 | سۇكلار | كېنىيە |
| 苏拉人 | سۇلالار | ھىندونېزىيە |
| 苏莱人 | سۇرايلار | غەربىي ئاسىيا |
| 苏里南人 | سۇرىناملار | جەنۇبىي ئامېرىكا |
| 苏卢巴人 | سۇلۇبالار | غەربىي ئاسىيا |
| 苏禄萨马尔人 | سۇلۇ ـ ساماللار | فىلىپپىن |
| 苏美尔人 | شۇمېرلار | غەربىي ئاسىيا |
| 苏米人 | سۇملار | فىنلاندىيە |
| 苏苏人 | سۇسۇلار | غەربىي ئافرىقا |
| 苏陀人 | سۇتولار | جەنۇبىي ئافرىقا، لېسوتو |

## Suo

| | | |
|---|---|---|
| 索克人 | سوكىلار | مېكسىكا |
| 索科罗人 | سوكورولار | چاد |
| 苏洛尔人 | سولورلار | ھىندونېزىيە |
| 索马里人 | سوماللار | سومالى، ئېفىئوپىيە |
| 索宁克人 | سونىنكېلار | مالى، بۇركىنا فاسو |
| 所罗门人 | سولومونلار | مېلانېزىيە |

# T

## Ta

| | | |
|---|---|---|
| 他加禄人 | تاگاللار | فىلىپپىن |
| 塔多人 | تخادولار | ھىندىستان |
| 塔菲人 | تافىلار | توگو، گانا |
| 塔夫人 | تاۋىرلار | شەرقىي ياۋروپا |
| 塔格巴努亚人 | تاگبانۇئالار | فىلىپپىن |
| 塔吉克人 | تاجىكلار | ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو |
| 塔加比尔人 | تاگابىللار | فىلىپپىن |
| 塔加考洛人 | تاگاكاۋلولار | فىلىپپىن |
| 塔拉斯科人 | تاراسكىلار | مېكسىكا |

Journal of Xinjiang University (Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)
No. 1. 1994. (Total: No. 57)

Contents

On the Thought of Deng Xiao Ping and Destiny of Socialism ................................................ Fang Yan Ming (Translated fy Akbar . Husayin)
Trade Caravan on Silk Road in Anatolia .................. Abdukrem. Rahman
On liquor Culture of Uigurs Ancestry .............. Abduxukur. Memetimin
About Mental Production Activity .............................. Abduweli. Hamut
Times and the Modern People ........................................ Islamjan. Xerip
The Necessity of Establishing a System of the Socialist Market Economy ........................................................................ Muhammat Eli turdi
On Crime Problem of Youngsters and its Precaution ........... Alim. Kadir
Theory Study of Classical literature of Uiyur .................. Ikbal. Tursun
The Silk Road and the Culture of the Western Regions ......... Kasim. Arxi
The Account of the Pamir in „A History of the Han Dynasty„ ................................................................................ Xerin Kurban
Yolluq tekin—The Great Scholar of Eighth Century ........... Tursun Wuxur
A Preliminary Study on land Ownership and Commercial Agriculture of the Ottoman Empire ............................................................ Anwar. Ablimit
The Nations of the World .................................................. Omar Molla

主编：艾克拜尔·侯赛因
副主编：克尤木·库尔班

شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى
新疆大学学报
JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY
(哲学社会科学维文版)
季　刊
发行范围：公开发行

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆسى
شىنجاڭ داشۆسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1005—5878 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى:
国内统一刊号：CN 65—1035/C مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58
باھاسى: 2.00 يۈەن.

ISSN 1005-5878

04>
9 771005 587001